# ئىزدىنىش

(تاللانما)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى

6

1995

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(تاللانما)　　1995-يىل 6-سان
(ئومۇمىي 84-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1995-يىللىق 7-، 8-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

## مۇندەرىجە

يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە ۋە دىنىي خىزمەتكە دائىر بىرنەچچە مەسىلە توغرىسىدا ............ لى رۇيخۇەن (2)
تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە دىققەت قىلىپ ئىگىلەشكە تېگىشلىك بىرقانچە مەسىلە ............ جۇڭ شۇەن (13)
يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتەيلى ............ جياڭ چۇنيۈن (29)

**★6-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سېخىمىسى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا ئېيرىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

# يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە ۋە دىنىي خىزمەتكە دائىر بىرنەچچە مەسىلە توغرىسىدا*

لى رۇيخۇەن

## (1) ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇش كېرەك

ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى مەملىكىتىمىزدە ئىزچىل تۆردە چوڭ ئىش بولۇپ كەلمەكتە.

**بىرىنچى، ئۇ دۆلەتنىڭ بىرلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.** بىزنىڭ جۇڭگو 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىن، 56 مىللەت، بىر مىليارد 200 مىليون ئاھالىدىن تەركىب تاپقان دۆلەت بولۇپ، بارلىق مىللەتنىڭ ھەممىسى كۆپ مىللەتلىك مۇشۇ چوڭ ئائىلىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئەزاسى. مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى 100 مىليونغا يېقىن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشقان، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىن 157 سى بولۇپ، دۆلەت زېمىنىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 64 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا بىز، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، تېررىتورىيىنىڭ پۈتۈنلۈكى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئاساس قىلىدۇ، دەيمىز، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولمىسا، جۇڭگو مالىمانچىلىق ۋە بۆلگۈنچىلىك ئاسارىتىدە قالىدۇ، جۇڭگو جۇڭگو بولۇپ تۇرالمايدۇ.

**ئىككىنچى ئۇ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.** مىللەت—تارىخنىڭ مەھسۇلى، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ھەرقايسى مىللەتلەردە ئوخشاش بولمىغان قائىدە، ئوخشاش بولمىغان

* بۇ ماقالە يولداش لى رۇيخۇەننىڭ 1994-يىل 7-ئاينىڭ 4-كۈنى يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى مىللىي ۋە دىنىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى مۇھاكىمە كۇرسىغا قاتناشقان كۇرسانتلار بىلەن قىلغان سۆھبىتى ۋە 1994-يىل 9-ئاينىڭ 8-كۈنى ھەر ساھە ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە قىلغان سۆزى. قىسقارتىلىپ ئېلان قىلىندى.

ئۆرپ-ئادەت، ئوخشاش بولمىغان تىل ۋە ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى شەكىللەنگەچكە، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئوبيېكتىپ هالدا پەرق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، هالبۇكى، پەرق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، زىددىيەتمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ زىددىيەتلەرنىڭ مۇۋاپىق هەل قىلىنىشى ئىزچىل هالدا جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇهىم بىر تەرىپى بولۇپ كەلمەكتە. تارىخىمۇ، رېئاللىقمۇ قايتا-قايتا شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەر ئوبدان هەل قىلىنسا، مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىناق بولسا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تىنچ-ئىتتىپاقلىق ۋەزىيىتى تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

**ئۈچىنچى، ئۇ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.** بىز، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارىمىز، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كۆچىنى ئاشۇرىمىز، ”ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش“تىن ئىبارەت ستراتېگىيە-لىك نىشانغا يېتىمىز، دەپ كېلىۋاتىمىز، بۇلارنىڭ هەممىسىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈن گەۋدە كۆزدە تۇتۇلغان. ئەگەر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى ئۇزاققىچە قالاق هالەتتە تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، تۈرلۈك ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرلىرىمىزنىڭ تولۇق ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادى ئۇزاققىچە يۈكسەلمىسە، بايلىق مەنبەلىرى-نىڭ ۋە بازارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىمۇ قىيىن بولۇپ قالىدۇ.

**تۆتىنچى، ئۇ چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەهكەملىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.** دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇقلۇق چېگرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 21 مىڭ كىلومېتىر بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا جايلاشقان، پەقەت ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، شىزاڭ، گۇاڭشىلاردىن ئىبارەت بىرنەچچە مىللىي ئاپتونوم رايونلارغا جايلاشقىنىلا 15 مىڭ كىلومېتىرغا يېتىدۇ. پەقەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، هەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلى-قىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇپ، چېگرا رايونىنى قوغداشتىن ئىبارەت شەرەپلىك مەسئۇلىيەتنى ئورتاق ئۈستىگە ئالغاندىلا، ئاندىن قەتئىي يېمىرىلمەس چېگرا مۇداپىئە قورغىنىنى قۇرۇپ چىققىلى، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان چېگرا رايونىنى چەتتىن كەلگەن هەرقانداق تاجاۋۇزدىن ۋە چەتنىڭ پىلە قۇرتىدەك غاجىلىشىدىن قوغداپ قالغىلى بولىدۇ.

**بەشىنچى، ئۇ ئومۇم خەلق ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.** ئېلىمىزدىكى ئومۇم خەلق ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى دۆلىتىمىزنى باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تۈپ شەرتى. ئەگەر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلمىسە، 100 مىليون ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاهالىسىنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق، پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسى هەقىقىي تۈردە ئۆستۈرۈلمىسە، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

**ئالتىنچى، ئۇ خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستىنى تارمار قىلىش بىلەن مۇناسە-**

**ۋەتلىك.** دۇنيانىڭ ھازىرقى سىياسىي تۈزۈلمىسىدە، مىللىي مەسىلە كۈندىن-كۈنگە ئۆزىنىڭ مۇھىم ئورنىنى نامايان قىلماقتا، بەزى دۆلەتلەردىكى مالىمانچىلىق، بۆلۈنۈش، پارچىلىنىشلارنىڭ كۆپىنچىلىرى مىللىي مەسىلە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان. خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرمۇ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بۇزۇش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشنى جىددىي تىزگىنلەش ۋە قالايمىقانلاشتۇرۇشنىڭ بۇزغۇنچىلىقنى كۈچەيتمەكتە. ئەگەر بىز ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ۋە پۇختا ھالدا ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى داۋاملىق مۇستەھكەملىگەن ۋە راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن مۇرەككەپ خەلقئارا كۈرەشتە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايمىز.

## (2) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى — ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۇرمۇشنى ياخشىلاش

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى ھەقىقەتەن بىر قەدەر ئارقىدا قالغان. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلگەن، شەھەر-يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قالاقلىق ھالىتىدىن قۇتۇلالمىغان، بۇ رايونلار تارىختىلا تەرەققىي تاپمىغان، يەنە كېلىپ ھازىرقى تەرەققىيات سۈرئىتى بىر قەدەر ئاستا بولغاچقا، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن بولغان پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىپ بارماقتا. بۇ رايونلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ئەسلىدىلا مۇۋاپىق بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مالىيە، مەبلەغ جەھەتتە ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا تۇرغاچقا، كەسكىن بازار رىقابىتى ئالدىدا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ماسلىشىپ كېتىشى ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈستۈنلۈككە ۋە يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن قاتناش، ئېنېرگىيە، ئالاقە قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، بۇ ئۈستۈنلۈكلەرنى دەرھال جارى قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت بولمايۋاتىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكى ۋە تەخىرسىزلىكىگە نىسبەتەن يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولۇپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىقتىسادنى تىرىشىپ يۈكسەلدۈرۈشىمىز كېرەك، بولمىسا ئارقىدا قېلىش ئەھۋالى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئاممىنىڭ كۆپىنچىسى بىر قەدەر قىيىن ئەھۋالدا ياشىماقتا. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدە زور يۈكسىلىش بولغان بولسىمۇ، ئەمما تارىخىي ۋە ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ رايونلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىم، تۇرمۇش سەۋىيىسى جەھەتلەردە دېڭىز بويى رايونلىرى بىلەن بولغان

پەرقى ناھايىتى چوڭ. ھازىرغا قەدەر مەملىكەت بويىچە قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى تېخى مۇقىم ھەل بولمىغان 80 مىليون ئاھالىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇتلەق نامرات ھالەتتە تۇرۇۋاتقان 27 مىليون ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا. چۆل-جەزىرە، قۇرغاق رايونلار، قاتتىق سوغۇق، زەيكەش رايونلار ۋە قاقاس تاغلىق رايونلاردا، بىر قىسىم ئاممىنىڭ سۇ ئىچىش ئىشىمۇ قىيىن مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا، داۋالىنىش، بالىلارنى ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭنىڭ قەشقەر، خوتەن قاتارلىق رايونلىرىدىكى نۇرغۇن ئاھالىلەر يىل بويى ”كۆل سۈيى“ ئىچىدىكەن، يەنى كەنتنىڭ بېشىغا بىر چوڭ كارىز كولاپ، يازدىكى يامغۇر سۈيى بىلەن ئۇنى توشقۇزۇپ، بىر يىل شۇ سۇنى ئىچىدىكەن، كۆلنىڭ سۈيى بۇلغىنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئاما بۇ سۇنى ئىچىپ نۇرغۇن كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدىكەن. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ بەزىلىرى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان، ئۇنى ئۇزۇل-كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن، شەكسىزكى، بىر جەريان كېرەك، بەزىلىرى بولسا بىر قىسىم يولداشلىرىمىزنىڭ ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسلىككە سالغانلىقى، مۇھاكىمە بىلەنلا توختاپ قېلىپ ئەمەلىيەتتە تۇتمىغانلىقى، تۇتسىمۇ پۇختا تۇتمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى دۆلەت، پارتىيىمىز خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان پارتىيە، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشىمىز، ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرۇشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە! ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتتە قىيىنچىلىق بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ، بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى شەرت كەم بولسا بولمايدۇ: بىرى، رەھبەرلىكنىڭ ئىناۋىتى، يەنە بىرى، ئاممىنىڭ روھى. رەھبەرلىكنىڭ ئىناۋىتى يۇقىرى بولمىسا، قوشۇنىنى يېتەكلىيەلمىسە، ئاممىنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ بولمىسا، ھېچقانداق ئىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. رەھبەرلىكنىڭ ئىناۋىتى نەدىن كېلىدۇ؟ ئۇنى يۇقىرىنىڭ ئىنئامى بىلەن ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ، ھوقۇققا تايىنىپ زورلاپ تىكلىگىلى، ئۆزىنىڭ ماختىنىشى ياكى تەشۋىقاتنىڭ ماختاپ ئۇچۇرۇشى بىلەن تىكلىگىلى، بىلەرمەنلىك قىلىپ، كىشلەرنى ئالداپ تىكلىگىلىمۇ بولمايدۇ، بەلكى سەممىي نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن بوشاشماي داۋاملىق ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەرگەندىلا، ئاندىن پەيدىنپەي تىكلىگىلى بولىدۇ. ئاممىمۇ ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش داۋامىدا، ھەقىقىي مەنپەئەتكە ئېرىشىپ، ئۈمىدىنىڭ، ئىستىقبالىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغاندىلا، ئاندىن غەيرەتكە كېلەلەيدۇ، ئاكتىپچانلىقتا ئىگە بولالايدۇ، روھىنى ئۇرغۇتالايدۇ. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا تۇرمۇشنى ياخشىلاش، تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش — ئاممىنىڭ تۇرمۇشى تېخى بىرقەدەر قىيىن بولۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا گەۋدىلىك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەر بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدىدۇر. مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۇرۇش، مىللىي مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەي-

تىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن مۇھىم، ھەقىقىي تۇردە ياخشى تۇتۇلۇشى كېرەك. بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۇرمۇشنى ياخشىلاش بىلەن بىردەك. بۇ خىزمەتلەر چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇلمىسا، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۇرمۇشنى ياخشىلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى بولمايدۇ. ئوخشاشلا، ئىقتىساد ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلمىسا، ئامما تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلمىسە، بۇ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشمۇ قىيىن بولىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قالاقلىق بىر قاتار قالاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىر قاتار تەرەققىياتلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، تۇرمۇشنى ياخشىلاش جەريانىغا قويۇپ ئورۇندىلىشى كېرەك.

## (3) بايلىقنى ئېچىشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى ياخشى قىلىش كېرەك

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى —بايلىقنى ئېچىشنى ياخشى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشىدىن، تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ياردەم بېرىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، بولۇپمۇ بۇ رايونلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ھەقىقىي تۈردە نامراتلىق-قالاقلىقتىن قۇتۇلۇپ، باياشاتلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئۆزىدىكى ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرالايدىغان بىر تەرەققىيات يولىنى ئىزدەپ تېپىشى كېرەك. كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ يول—بايلىقنى ئېچىشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى ياخشى قىلىشتۇر.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى يېرى كەڭ، بايلىقى مول بولۇشتەك روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. بايلىقنى ئېچىشنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىلىك يۆنىلىشى قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى رېئال ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشنى تېزدىن ئىشقا ئاشۇرۇش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئىشەنچلىك يولىدۇر. دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا يار-يۆلەك بولۇشتا، تەرەققىي قىلغان رايونلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ياردەم بېرىشتە دىققەت-ئېتىبارىنى بايلىقنى ئېچىش تەرەپكە قارىتىش كېرەك. ھەرقايسى ساھە-كەسىپلەر، ھەرقايسى تارماقلار ئاز سانلىق مىللەت رايون-

لىرىنىڭ بايلىقىنى ئېچىشتا، ئۇنى شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇشنى قوشۇمچە ۋەزىپە قىلىپ، شۇ جايدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىمكانقەدەر كۆپرەك ئىشلىتىشى، بايلىقنى شۇ جايدا پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە پايدىلىنىشنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇرۇشى، شۇ جايدىكى تۈرلۈك كەسىپلەر ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، شۇ ئارقىلىق، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇپ، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى بەزى جايلاردا بايلىق مەنبەسى مول بولسىمۇ، لېكىن ئېكولو-گىيىلىك مۇھىتى ناچار، بايلىقنى ئېچىشنى بايلىقنى ئاسراش بىلەن بىرلەشتۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، بايلىقتىن ئىزچىل پايدىلىنىشنى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئېچىش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇش ياڭغۇزلا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم مەسىلە بولماستىن، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ زور ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلىدۇر. ئېلىمىز ساناتىنىڭ مەركىزىي رايونى بولغان شەرقىي تەرەپتىكى دېڭىز بويى رايونلىرى مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساسلىق كىشىلەر، باشقۇرۇش قاتارلىق كۆپ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە، بۇ ئۈستۈنلۈكلەر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى بايلىق ئۈستۈنلۈكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىر-بىرىنى تولۇقلاش ئىشقا ئاشۇرۇلسا، دۆلىتىمىز تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئىگە بولالايدۇ. شۇڭا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، دۆلەتنىڭ روناق تېپىشىغا، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق كىشىلەر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك، ئۇلارنىڭ شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۇلۇش تۆھپە قوشۇش مەسئۇلىيىتى بار.

## (4) پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مەسىلە، دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە تۈپ سىياسەتلىرىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك

مىللىي، دىنىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مەسىلە، دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ۋە تۈپ سىياسەتلىرىنى چوقۇم توغرا چۈشىنىش، ھەر تەرەپلىمە ئىگىلەش لازىم.

مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر ۋە تۈپ سىياسەتلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**1) مىللەتنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە يوقىلىشى ئۇزاق تارىخىي جەرياندۇر، مىللىي مەسىلە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.**

**2) سوتسىيالىزم باسقۇچى — مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللەپ ياشنىش دەۋرى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق ئاملى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ بارىدۇ، لېكىن مىللىي ئالاھىدىلىك، مىللىي پەرق داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.**

**3) مىللىي مەسىلە ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەسىلىلەرنىڭ بىر قىسمى. مىللىي مەسىلە پەقەت پۈتكۈل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدىلا تەدرىجىي ھەل قىلىنىدۇ، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى مىللىي مەسىلە پەقەت سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق ئىش داۋامىدىلا تەدرىجىي ھەل قىلىنىدۇ.**

**4) ھەرقايسى مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، تارىخىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى، تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان، ھەممىسى ھوقۇقتا باپباراۋەر بولۇشى، ھەممىسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا كۈچ چىقىرىشى كېرەك.**

**5) ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش — سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭمۇ تۈپ ۋەزىپىسى، مىللەتلەر ئۆزئارا ياردەم بېرىشى، ئورتاق تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.**

**6) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە--جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ماركسىزملىق مىللەتلەر نەزەرىيىسىگە قوشقان زور تۆھپىسى، ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشىدىكى تۈپ تۈزۈم.**

**7) ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك زور بىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى.**

**8) مىللىي مەسىلە بىلەن دىنىي مەسىلە بەزى جايلاردا ھەمىشە گىرەلىشىپ كېلىدۇ، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلغاندا، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.**

دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر ۋە تۈپ سىياسەتلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**1) دىنىنىڭ تۇغۇلۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش جەريانى بولىدۇ، ئۇ سوتسىيالىستىك**

www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتتە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مەمۇرىي كۈچ بىلەن دىننى يوقىتىشقا بولمايدۇ، مەمۇرىي كۈچ بىلەن دىننى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ.

2) دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى قوغدايدۇ، پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ.

3) دىنسىزلار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تۈپ مەنپەئىتى بىردەك بولىدۇ، ئىدىيىۋى ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرقى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش، ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

4) ئېلىمىزنىڭ دىنىي جەھەتتىكى زىددىيەتلىرى ئاساسەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە كىرىدۇ، لېكىن مەلۇم شارائىت ۋە مەلۇم ئەھۋال ئاستىدا ئانتاگونىزملىق مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ مۇمكىن.

5) دىنىي پائالىيەت چوقۇم قانۇن ۋە سىياسەت دائىرىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، دۆلەت قانۇن بويىچە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، نورمال دىنىي پائالىيەتنى قوغدايدۇ، دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى توسىدۇ ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىدۇ.

6) مۇستەقىل-ئۆز ئىشلىرىغا ئۆزى ئىگە بولۇش، چىركاۋ، ئىبادەتخانىلارنى ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، چېگرىنىڭ سىرتىدىكى دىنىي تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ ئېلىمىزنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا قارشى تۇرۇش، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭدۈرمىچىلىك ئېلىپ بېرىشىنى توسۇش كېرەك.

7) دىنىي زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە تەربىيىلەپ، پىلانلىق ھالدا بىر ئەۋلاد ۋەتەنپەرۋەر ياش كەسپىي دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

8) دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا پائال يېتەكلەش كېرەك.

"ماسلىشىش" دېگەنلىك، دىن چوقۇم سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى دۆلەت قانۇنى، قانۇن-نىزاملىرى ۋە فاڭجېن-سىياسەتلىرىگە ئەمەل قىلىشى شەرت، دېگەنلىكتۇر. قانۇن دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ، دىن قانۇن دائىرىسى ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشى، دۆلەتنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشى شەرت.

## (5) خەلق مەنپەئىتىنى، قانۇننىڭ ئابرويىنى قوغداش تۇغىنى ئېگىز

# كۆتۈرۈش كېرەك

مىللىي، دىنىي مەسىلە مۇھىم مەسىلە، شۇنداقلا مۇرەككەپ مەسىلە. ئۇ ھەممىشە مىليونلىغان ئاممىغا چېتىلىدۇ، بەزىدە بەزى خەلقئارالىق ئامىللارغىمۇ چېتىلىشلىق بولىدۇ، شۇڭا مىللىي، دىنىي مەسىلىنى ھەل قىلىش سىياسىي خاراكتېرى، سىياسەت خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك خىزمەت، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش كېرەك.

مىللىي، دىنىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، مەركەزنىڭ ئالاقىدار سىياسىتىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئىش كۆرۈش كېرەك. مەركەزنىڭ سىياسەت-فاڭجېنلىرىنى توغرا چۈشەنمىسەك، ئۇبدان ئىجرا قىلمىساق، كونكرېت خىزمەت داۋامىدا مۇقەررەر ھالدا يولۇقۇشتىن ئادىشىپ كېتىمىز، ھەتتا چوڭ ئىشلارغا دەخلى يەتكۈزۈپ، ئېغىر ئاقىۋەتنى پەيدا قىلىپ قويىمىز. مەركەزنىڭ سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيەتتىن چىقىش قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا ئىجرا قىلىپ، كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىش، كونكرېت مەسىلىلەرنى كونكرېت ھەل قىلىش لازىم. ئىلگىرى بىز بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا كەتتۈرۈپ قويغان سەۋەنلىكلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى مەركەزنىڭ سىياسەتلىرىدىن چەتلەپ كەتكەنلىكىمىزدىن بولغان، نۇرغۇنلىرى ئەھۋاللارنى يېتەرلىك چۈشەنمىگەنلىكتىن، مەسىلىنىڭ خاراكتېرىنى توغرا بېكىتەلمىگەنلىكتىن بولغان، ئاقىۋەتتە ئىشتىن چاتاق چىقىپ، كۆپ تەكرارلىنىش يۈز بەرگەن، ئاخىر بېرىپ ”سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش“كە مەجبۇر بولغان.

ھازىرقى باسقۇچتا، ئېلىمىزدە مىللىي، دىنىي جەھەتتە يۈز بەرگەن مەسىلىلەر ئاساسەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە كىرىدۇ، لېكىن بۇ بەزى مەسىلىلەرنىڭ ئانتاگونىزملىق خاراكتېردە ئىكەنلىكىنىمۇ چەتكە قاقمايدۇ. خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە كىرىدىغان مەسىلىلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن قايىل قىلىش، خىزمەتلەرنى ياخشىلاش ئۇسۇلى بىلەنلا ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. غەيرىي ئانتاگونىزملىق زىددىيەتنى ئانتاگونىزملىق زىددىيەتكە ئايلاندۇرۇپ، يوق يەردىن دۈشمەن پەيدا قىلىشقا-ھەرگىز بولمايدۇ؛ غەيرىي ئانتاگونىزملىق زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈپ ئانتاگونىزملىق زىددىيەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىگە ئۆزى جاپا سېلىشقا بولمايدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ مىللىي، دىنىي مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ ۋەقە تۇغدۇرۇپ، مالىمانچىلىق پەيدا قىلىشىغا نىسبەتەنمۇ ھوشيارلىقىمىزنى يوقاتماسلىقىمىز، ئۇنى جىددىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ كەسكىن بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم. بۇنداق ۋەقەلەردە بەزىدە غەيرىي ئانتاگونىزملىق زىددىيەت بىلەن ئانتاگونىزملىق زىددىيەت گىرەلىشىپ كەتكەن، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئامما بىلەن يامان نىيەتتىكى بۇزۇق ئادەملەر ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن خىزمەتلىرىمىزنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئاشىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇنداق مەسىلىلەرنى توغرا پەرق ئېتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، خەلق مەنپەئەتىنى، قانۇننىڭ ئابرۇيىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى تۇغنى كۆتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ھەرقانداق كىشىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەرقانداق باھانە-سەۋەب بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە، قانۇننىڭ ئابرويىنى دەپسەندە قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ، ئۇنى قەتئىي توسۇش كېرەك.

## (6) ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىش كېرەك

ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك زور بىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى بولۇشى كېرەك، بۇ — پارتىيىمىزنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان شەكىللەنگەن بىر ئاساسىي تەجرىبىسى. نۆۋەتتىكى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلىتىش خىزمىتى يېڭى ۋەزىپىلەرگە يۈزلەنمەكتە. پارتىيىمىز ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن زور بىر تۈركۈمدىكى مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم رول ئويناپ، زور تۆھپە قوشقان. ھازىر، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىقىپ بولدى. يېڭىدىن ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەر دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئىدىيىۋى كۆز قاراش، بىلىم قۇرۇلمىسى، روھىي ھالىتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردە ئالدىنقىلارغا ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن ئارتۇقچىلىق ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادىلىگەن، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ قوشۇن تېخى چوڭ ئەمەس، سانى تېخى تولۇق ئەمەس، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخى ماسلىشالمايۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، ئالاقىدار فاڭجېن-سىياسەتلەر ناھايىتى ئۈچۈق بولدى. مېنىڭچە نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش — مەركەزنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن، پۇختا ھالدا، كەم-كۈتىسىز ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى مەسىلىسىدە، ئۇلارنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، دادىل ئۆستۈرۈش، تولۇق ئىشىنىش، يۈرەكلىك ئىشلىتىشنى ھەقىقىي ئورۇنداش كېرەك. تارىختا شەكىللىنىپ قالغان، دەرھال تۈگىتىشكە مۇمكىن بولمىغان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مائارىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى نىسپىي قالاقلىق ئەھۋالى تۈپەيلىدىن، كەڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن بەزى قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا دۇچ كەلمەكتە. بۇ بىزنىڭ زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۇلارغا ئىمكانقەدەر كۆپرەك ئالاھىدە شارائىت ۋە پۇرسەتنى يارىتىپ بېرىشىمىزنى، كۆپ خىل يوللار بىلەن ئۇلاردىن ئىختىساسلىق

كىشىلەرنى بايقىشىمىز ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى پارتىيىمىز-نىڭ كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئالاقە باغلاشتىكى كۆۋرۈكى ۋە رىشتىسى. ئۇلار نۇرغۇن جەھەتتە رول ئوينىيالايدۇ ۋە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى خەنزۇ كادىرلار ئالالمايدۇ ياكى ئېلىشى تەس بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتە، بەزى گەپلەرنى ئۇلار بىۋاستە دېسە، بەزى ئىشلارنى ئۇلار چىقىپ بېجىرسە، بەزى خىزمەتلەرنى ئۇلار بىۋاستە ئىشلىسە، كۆپ چاغلاردا، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئىشنى قىلىشتەك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلغۇچىسى، رولچىسى بولغان كوممۇنىستلار چوقۇم ستراتېگىيىلىك نەزەر، كەڭ كۆكسى بىلەن، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى ھەقىقىي تۈردە كەڭ كۆلەمدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، جاپا-مۇشەققەتتىنى تەڭ تارتىپ، بىرلىكتە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا**
**تەلئەت ئىبراھىم**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە دىققەت قىلىپ ئىگىلەشكە تېگىشلىك بىرقانچە مەسىلە

جۇڭ شۈەن

مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى قەدەمدىكى تەرەققىيات نىشانىغا يېتىش—پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىسىدۇر. بۇ تارىخىي ۋەزىپە تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىگە زور مەسئۇلىيەت يۈكلەپ، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى كاپالەت ۋە ياخشى جامائەتچىلىك مۇھىتى بىلەن تەمىن ئېتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى ۋە 1994-يىلىدىكى مەملىكەتلىك تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمەت يىغىنى ئارقىلىق، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىگە ئائىت مۇھىم سىياسەت، فاڭجېنلار بەلگىلىنىپ بولدى، هازىرقى هالقىلىق مەسىلە پۇختا ئىشلەش، تارىخىي تەجرىبىلەردىن ۋە يېقىنقى يىللاردىكى ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، مەركەز بەلگىلىگەن فاڭجېن، پرىنسىپلارنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىش داۋامىدا، مۇنداق بىرقانچە جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى خىزمەت داۋامىدا ئوبدان ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

## 1. توپ قىبلىنامىنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش لازىم

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى — ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ

كېرەك.» بىز مۇشۇ تەلەپ بويىچە ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم. مەنپەئەتنى دەپ ۋىجداندىن كېچىدىغان، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتتىن باش تارتىدىغان قىلمىشلارنى كەسكىن توسۇش لازىم.

## 8. ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، تەشۋىقات-ئىدىيە سېپى-نىڭ بىر پۈتۈن ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم

سوتسىيالىزمنىڭ چوڭ بىر ئۈستۈنلۈكى شۇكى، ئۇ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلالايدۇ، بۇ ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغىمۇ مۇۋاپىق كېلىشى كېرەك. تەشۋىقات-ئىدىيە سېپى، ئۇزۇنسىغا قارىغاندا، مەركەز، ئۆلكە، ۋىلايەت (شەھەر)، ناھىيەدىن ئىبارەت تۆت قاتلامغا ئايرىلىدۇ؛ توغرىسىغا قارىغاندا، نەزەرىيە، ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق، ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە ئىدىيىۋى تەربىيە قاتارلىق ساھەلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ قاتلاملار بىلەن ساھەلەر قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن ئورگانىزمنى ھاسىل قىلىدۇ. ئىختىساسلىقلار، بىلىملىكلەر يىغىلغان بۇ سەپ ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن كىشىلەرنى قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن كىشىلەرنى يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ بىلەن كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، نادىر ئەسەرلەر بىلەن كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇشتەك زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. مۇشۇنداق ئورتاق ۋەزىپە ئالدىدا، تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار ھەم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى، ھەم ئۆزئارا ماسلىشىشى؛ ھەم ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشى، ھەم بىر-بىرىنى چاقنىتىپ تۇرۇشى لازىم. يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ ۋە ھەر تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىتىپ، ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىپ، ئومۇمىيلىققا خىزمەت قىلىش لازىم.

شۇنى كۆرۈش كېرەككى، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ رىقابەت بارلىققا كەلدى، رىقابەت داۋامىدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكنى يارىتىشى، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنى تېخىمۇ مۇھىم بىلىشى، رىقابەت ئارقىلىق سەۋىيىنى ئۆستۈرۈشى، ھەمكارلىشىش ئارقىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمەتچىلىرى قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىنىڭ بىر پۈتۈن ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. نەزەرىيە، ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەلىرىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە كەڭ زاتلار بىلەن دوست بولۇشۇپ، چوڭقۇر دوستلۇقنى ئورنىتىپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىش كېرەك. دوست تۇتۇشنى بىر تۈزۈم قىلىپ ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

بۇ — تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىدە ئاممىۋى لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ كونكرېت تەلىپى، بىلىشكە ئىختىساسلىق خادىمغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ چوڭقۇر ئىپادىسى، خىزمەت ئىستىلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. دوست تۇتۇش جەريانىدا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇش، بېرىش-كېلىشتە سەممىي بولۇش، ئىنتايىن كەمتەر بولۇش كېرەك، ئىشىنىش-ھۆرمەت قىلىش، غەمخورلۇق قىلىش-مەدەت بېرىش پرىنسىپىنى تۇتۇش كېرەك. ياشانغانلاردىنمۇ، ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلاردىنمۇ دوست تۇتۇش كېرەك، ئۆزى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشتا تەشەببۇسكار بولغان، ئۆزى بىلەن ئوخشاش پىكىردە بولغان كىشىلەردىن دوست تۇتۇش كېرەك، ئۆزى بىلەن ئوخشاش بولمىغان تونۇشتا، ئوخشاش بولمىغان پىكىردە بولغانلاردىن تېخىمۇ دوست تۇتۇش كېرەك. قۇلاققا ياقمىغان سۆزلەرنىلا ئاڭلاپ قالماستىن، سەممىي نەسىھەت ۋە تەنقىدقىمۇ قۇلاق سېلىش كېرەك.

## 9. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ماھىر بولۇش لازىم

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش پارتىيىمىزنىڭ مۇھىم خىزمەت ئۇسۇلىدۇر. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى نۇرغۇنلىغان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە، ئەمەلىيەتتە، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىغا ئارىسىغا بېرىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، ئۈنۈملۈك چارە-تەدبىرلەرنى تېپىپ، توغرا تەدبىر تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشتىن مەقسەت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، خىزمەتنى ياخشىلاش، سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى نىشانلىق ئېلىپ بېرىش، مەسىلىلەرنى ئېلىپ چۈشۈپ، چارە-تەدبىرلەرنى تېپىپ كېلىش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەپ، نەتىجە يارىتىش كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىرلار ئۈچۈن ئاساسىي ماھارەت، رەھبىرىي كادىرلار ئۈچۈن ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك ساپا ھېسابلىنىدۇ، ھەر بىر كادىرنىڭ بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرنىڭ ھەر يىلى بىر-ئىككى پارچە سۈپەتلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى يېزىپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، تەجرىبە يەكۈنلەش بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلۈشى لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "ھەر يىلى رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىشى، توغرا بولغانلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشى، خاتا بولغانلىرىنى تېزدىن تۈزىتىشى، يېڭى مەسىلە چىقىپ قالغان بولسا چاڭ تۇتۇپ ھەل قىلىشى لازىم." رەھبىرىي كادىرلار كۆپرەك ئۆگىنىشى، كۆپرەك پىكىر يۈرگۈزۈشى، خىزمەت ئەمەلىيىتىنى يەكۈنلەش ئارقىلىق قانۇنىيەت خاراكتېرلىك چۈشەنچىلەر-

نى ھاسىل قىلىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى خىزمەت ئۈستىدە دائىم تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، پايدا-زىياننى تەھلىل قىلىپ، ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ ياخشى يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

## 10. ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجادكارلىق بىلەن خىزمەت ئېلىپ بېرىش لازىم

مەسئۇلىيەتچانلىق بارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى. بىز تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى ئىشلىگۈچىلەر ئىنتايىن ئەستايىدىل، ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بولۇشىمىز كېرەك.

ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، رەھبىري كادىرلارنىڭ سىياسىي ئاڭغا، ئومۇمىيلىق ئېڭىغا ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىغا ئىگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ”ھەرقانداق ئىش ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلەنسە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ؛ بىپەرۋالىق بىلەن ئىشلەنسە بۇزۇلىدۇ.“ ھەر دەرىجىلىك كادىرلار بولۇپمۇ رەھبىري كادىرلار ئىدىيىدە تىرىشچان، جاپاغا چىداملىق بولۇشى، ئىستىل جەھەتتە تەلەپچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن چوڭقۇر چۆكۈپ، پۇختا خىزمەت ئىشلىشى، ئۆز مەسئۇلىيىتى تەۋەسىدىكى خىزمەتلەرنى ۋە ئۆز قولىدىن ئۆتىدىغان ئىشلارنى چوقۇم ئېھتىياتچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەپ، ئۇنىڭدىن چاتاق چىقماسلىققا قاتتىق مەسئۇل بولۇشى لازىم. بەزى ئاساسلىق ھالقىلارنى، ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنى چوقۇم ئوبدان ئىگىلىشى لازىم، ياردەم بېرىشكىلا بولىدۇكى، ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلىشقا بولمايدۇ. ئومۇمىيلىققا، سىياسىي يۆنىلىشكە، تۈپ پرىنسىپقا تاقىلىدىغان مەسىلىلەردە مېڭىنى سەگەك تۇتۇشى ۋە مەيداندا چىڭ تۇرۇشى لازىم. تۈرلۈك خىزمەتلەردە يامان ئەمەس، ئادەتتىكىدەك ئىشلىنىشۋاتقانلىقىغا قانائەت قىلماي، تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشكە ئىنتىلىشى، يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەش، قاتتىق تەلەپ قويۇشتا چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۈچەيتىشتە دادىللىق بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، باتۇرلۇق بىلەن ئىجادىيەت يارىتىشمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلاردىن ئالدى بىلەن رەھبىري كادىرلاردىن خىزمەتتە پرىنسىپاللىقنى، سىستېمىلىقنى، ئالدىن كۆرەرلىكنى، ئىجادكارلىقنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلغانىدى. بۇ ئىنتايىن مۇھىم. دۆلىتىمىز ناھايىتى چوڭ، جايلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس. پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى توغرىسىدىكى فاڭجېن، پرىنسىپلىرىنى شۇ جاينىڭ كونكرېت ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىجادكارلىق بىلەن خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشقا ماھىر بولۇش لازىم. بۇنداق قىلغاندا، چارە-تەدبىرلەر بارغانسېرى كۆپىيىدۇ، خىزمەتمۇ تازا جانلىق قانات يايدۇرۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# 11. قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، كەسپكە پىششىق، ئىستىل تۇغرا بولغان لاياقەتلىك تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش لازىم

تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمەت قوشۇنىمىز پىداكارلىق روھىغا ئىگە جەڭگىۋار قوشۇندۇر. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەر بۇ قوشۇننىڭ قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويىدى، شۇڭا ئۇنى زور كۈچ بىلەن داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك.

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئوبدان قۇرۇپ چىقىش تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ھالقا. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەشۋىقات-مەدەنىيەت تارماقلىرى ۋە ئورۇنلىرىدىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تولۇقلاپ، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولغان، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان، ئامما ئىشىنىدىغان ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىدىيە ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە ئائىت تۈرلۈك كونكرېت تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. كادىرلارنى تەربىيىلەش ئىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر قىلىپ، پىلان تۈزۈپ، ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىدىكى كادىرلار بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سىياسىي ئەربابلارنىڭ ساپاسى تۇغرىسىدىكى بەش تەلەپ بويىچە ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشى، ئۆستۈرۈشى لازىم. ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، كىتاب ئوقۇشتەك ياخشى ئادەتنى يېتىشتۈرۈپ، تىرىشىپ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە پەلسەپە، ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا، تارىخ، ئەدەبىيات، سەنئەت قاتارلىق جەھەتلەردىن ئۆز بىلىمىنى تولۇقلاپ، رەھبەرلىك قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشى لازىم. ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، دەۋر روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، تۇغرا بولغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇشى لازىم. ئاڭلىق ھالدا ياخشى ئىدىيىۋى پەزىلەت ۋە روھىي سۈپەتنى يېتىشتۈرۈپ، سەممىي، ئاق كۆڭۈل بولۇش، قىزغىن، مېھرىبان بولۇش، ئېغىر-بېسىق، سالماقلىق بولۇش، كۆزىتىپ، پىكىر يۈرگۈزۈش، كەمتەر-ئېھتىياتچان بولۇش، مەغرۇرلانماسلىق، مەيۈسلەنمەسلىك، چىڭ تۇتۇشمۇ، بوش تۇتۇشمۇ بولۇش، قاتتىق قوللۇقمۇ، يۇمشاق قوللۇقمۇ بولۇش، پوزىتسىيە ئېنىق بولۇش، جاۋابكار بولۇشقا جۈرئەتلىك بولۇش، نام-مەنپەئەت قوغلاشماسلىق، جاپاكەش بولۇشقا رازى بولۇش دېگەن تەلەپلەرنى تىرىشىپ ئورۇندىشى كېرەك.

ئەسىر ھالقىيدىغان ئىشلار ئەسىر ھالقىيدىغان ئىختىساسلىق كىشىلەرگە موھتاج. يولداش جياڭ زېمىن بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرگەن، جۇڭگونىڭمۇ، چەت ئەللەرنىڭ-

مۇ نەزەرىيىلىرىنى پىششىق بىلىدىغان، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرىدىغان بىر تۈركۈم نەزەرىيىچىلەرنى، توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرىدىغان، تۇرمۇشنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئامما ياقتۇرىدىغان بىر تۈركۈم مەشھۇر مۇخبىرلار، مەشھۇر تەھرىرلەر، مەشھۇر رىياسەتچىلەرنى، فاكچىن، سىياسەتلەرنى پىششىق بىلىدىغان، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، كەسپىي بىلىمگە پۇختا بولغان بىر تۈركۈم نەشرىياتچىلارنى، دەۋرگە يېقىندىن ئەگىشىپ ماڭىدىغان، ۋەتەننى ۋە خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان، بەدىئىي سەۋىيىسى كامالەتكە يەتكەن بىر تۈركۈم يازغۇچىلار، سەنئەتكارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىزنى سەممىي ئۈمىد قىلغان. مۇشۇ تۆت ”بىر تۈركۈم“ تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىنىڭ نەزەرىيە، ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتتىن ئىبارەت تۆت ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مۇشۇ تۆت ”بىر تۈركۈم“ بولغاندا، ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن كىشىلەرنى قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن كىشىلەرنى يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ بىلەن كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، نادىر ئەسەرلەر بىلەن كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇشنى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ.

”تەشۋىقات-ئىدىيە-مەدەنىيەت سىستېمىسى بويىچە ئەسىر ھالقىيدىغان ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشى“نى ئىخلاس بىلەن پىلانلاپ، ئەستايىدىل يولغا قويۇپ، نوپۇزى بار مەشھۇر كىشىلەرنى، تەسىرى بار داڭدار كىشىلەرنى، پۇختا ئاساسى ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتى بار مۇنەۋۋەر كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك. ئىختىساسلىق كىشىلەر كەينى-كەينىدىن چىقىپ تۇرغان، نى-نى مۇنەۋۋەر كىشىلەر يېتىلىپ، بىر-بىرىدىن ئېشىپ چۈشكەن چاغدا، ئىشلىرىمىزدىن زور ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

## 12. ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەشتە چىڭ تۇرۇپ، شەكىلۋازلىققا قارشى تۇرۇش لازىم

ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەش تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم. تەشۋىقات-ئىدىيە ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قارىماققا بىر قەدەر قۇرۇق كۆرۈنىدۇ، ئېلاستىكلىقلىقى كۈچلۈك، بەزى مەسىلىلەردە ئاسانلا تەكرارلىنىش يۈز بېرىدۇ، چىڭ تۇتۇلسا يۇكسىلىدۇ، بوشاشتۇرۇپ قويۇلسا يەنە چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۈستىلىق بىلەن ئەمەلىي ئىشلەش ئالاھىدە زۆرۈر.

خىزمەت نىشانى تەۋرەنمەي مۇقىم بولۇشى لازىم. مەركەز بەلگىلىگەن فاكچىن، پرىنسىپلاردا چىڭ تۇرۇش كېرەك. يېڭى ۋەزىيەتتىكى تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ ئاساسىي پىكىر يولى ۋە ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، نامىنى يەڭگۈشلىۋەتمەسلىك، ئىزچىللىقنى ئۈزۈۋەتمەسلىك كېرەك. بىرەر خىزمەتنى تېخى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرمەي تۇرۇپلا، يەنە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ”يېڭىلىق“نى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن قەتئىي ھەزەر ئەيلەش كېرەك. خىزمەتنىڭ ئىزچىللىقنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساقلاپ، خىزمەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، چىداملىق بىلەن ئىشلەپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك.

رەھبەرلەر پۈتۈن زېھنى-كۈچىنى ئىشقا قويۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات تارماقلىرىدىكى رەھبىرىي يولداشلار ئوي-خىيالىنى جەزمەن چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش، ئۆز كەسپىنى باشقۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش تەرەپلەرگە يىغىپ، ھەقىقىي تۈردە مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. گېزىتخانىنىڭ باش مۇھەررىرلىرى زېھنىنى گېزىت ئىشلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈشى، رادىئو، تېلېۋىزىيە ستانسىلىرىنىڭ باشلىقلىرى زېھنىنى رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈشى، نەشرىياتنىڭ باشلىقلىرى زېھنىنى ياخشى كىتاب چىقىرىشقا مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك. ئەمەلىي ئەھمىيىتى بولمىغان تۈنجى تارقىتىش مۇراسىمىغا، تۈنجى قويۇش مۇراسىمىغا، كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئانچە ئۈنۈمى بولمايدىغان بايرام ئۆتكۈزۈش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا، جىسمى يوق ئىسمى بار باش مۇھەررىر، پىلانلىغۇچى بولۇشقا بېرىلىپ كەتمەسلىكى، مېھماندارچىلىق ئىشلىرىنى جەزمەن ئازايتىشى كېرەك.

چارە-تەدبىرلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ھەقىقىي ئاقىدىغان بولۇشى لازىم. يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك، ئۇنىڭدا تەلەپ، تارقىتىش ۋاستىسى، چارە-تەدبىر، ماددىي كاپالەت دېگەندەك مەزمۇنلار بولۇشى، ۋەزىپە مىقدارلاشتۇرۇپ پارچىلانغان بولۇشى، مەسئۇلىيەت ئادەمگىچە ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇشى لازىم. ستراتېگىيە بولغاندىن كېيىن، يەنە تاكتىكىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك، ئومۇمىي پىلان تۈزۈپ چىقىلغاندىن كېيىن، يەنە كونكرېت تەدبىرلەرنىمۇ تەتقىق قىلىش كېرەك. ئىقتىسادىي تارماقلار بىر نۇقتىلىق قۇرۇلۇش بەلگىلەنگەندىن كېيىن يەنە قۇرۇلۇش پىلانىنى، قۇرۇلۇش سۈرئەت كۆرسەتكۈچىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، قۇرۇلۇشنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقىچە بولغان ھەممە ھالقىلىرى بويىچە بىر يۈرۈش تەدبىر ۋە چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتىمۇ مۇشۇنداق قىلىش كېرەك.

خىزمەتنى يولغا قويۇشتا كۈچلۈك تەدبىر بولۇشى لازىم. ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، تۆۋەنگە چۈشۈپ ئەستايىدىل تەكشۈرۈش، ھەيدەكچىلىك قىلىشقا، ئۈزلۈكسىز تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا خېلى زور كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا قاراپ، مۇھىم-مۇھىم ئەمەسلىكىنى، جىددىي-جىددىي ئەمەسلىكىنى پەرقلەندۈرۈپ، قوشۇننى مۇۋاپىق تەشكىللەش كېرەك. نۇقتىلىق خىزمەتكە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۇتۇش قىلىش كېرەك. قىيىن خىزمەتنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇش، ”جەڭ قىلمىسا بىر گەپ، جەڭ قىلسا جەزمەن غەلىبە قازىنىش“ كېرەك. خىزمەتنى تۇتۇشتا بۇنداق روھ بولۇشى لازىم، ”سازلىقتىكى ئېقىن سۇ بىرىم يولدا يوقاپ كېتىدۇ“ دېگەندەك، ئىشنى چالا ئىشلەپ، يېرىم يولدا تاشلاپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك.

تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىدە شەكىلۋازلىقنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك، كۆرۈنۈشتە قاينام-تاشقىنلىق بولۇپ، ئېتى ئۇلۇغ، سۈپىتى قۇرۇق ئىشلارنى قىلىشقا ھەرگىز بېرىلىپ كەتمەسلىك كېرەك. ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى چوقۇم مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا، مەسىلىنى ھەل قىلىشنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئېيتىقسىز، مەنىسىز سۆزلەرنى، تۈتامى يوق سۆزلەرنى،

ئەمەلدە كۆرستىشكە بولمايدىغان قۇرۇق سۆزلەرنى قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئىقتىسادچىللىقنى قاتتىق يولغا قويۇپ، تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش كۆرۈش لازىم. تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، تەشۋىقات سەنئىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مەزمۇن بىلەن شەكىلنى ئىمكانقەدەر بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان يېڭى شەكىللەرنى يارىتىپ، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ۋە قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك.

بىز ئۇلۇغ ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان دەۋردە تۇرماقتىمىز. تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، يېڭى ۋەزىيەتتىكى تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشكە ۋە ئۇنى ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ — ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، بىلىش، يەنە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، يەنە بىلىش جەريانىدۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن بوشاشماي ئۇزاق مۇددەت تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بىز ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۆزىمىزدە بار بولغان بىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئەمەلىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ مېڭىشىمىز لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى تۇپ قىبلىنامە قىلىنغان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىدىكى يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بولغان يەردە، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى جەزمەن ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىيە-لەيدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىنجان**
**مەسئۇل مۇھەررىر: تەلئەت ئىبراھىم**

www.uyghurkitap.com

# يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتەيلى*

جياڭ چۈنيۈن

## يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇش لازىم

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن يېزا ئىگىلىكىگە ۋە يېزا خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا يار-يۆلەك بولۇش، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشنى دەۋر قىلىغان ھالدا بىر قاتار مۇھىم سىياسەت-تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۇنىڭ ئىچىدە: مەھسۇلاتقا باغلاپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى، بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش مەبلىغىغە كاپالەتلىك قىلىش، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش، ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىش-سېتىش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈش، ئاشلىق خېيىم-خەتەر فوندى ۋە دۆلەت زاپىسى تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئاساسىي ئېتىز-ئېرىق قوغداش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئاساسلىق ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولۇش، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى

* بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ 1995-يىل 2-ئاينىڭ 24-كۈنى مەركىزىي يېزا خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى، قىسقارتىلىپ ئېلان قىلىندى.

ئۇنۇملۇك يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش رايونلىرىنى بەرپا قىلىش، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ يېزا-بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەدەت بېرىش، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى كۆپەيتىش، نامرات رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى يۆلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش قاتارلىقلار بار. بۇ سىياسەت-تەدبىرلەر سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە بۇرۇلۇۋاتقان يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكىگە ۋە يېزىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇپ، كەڭ دېھقانلار ئۇنى ئىنتايىن قارشى ئالدى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، جايلار ۋە تارماقلار يۇقىرىقى سىياسەت-تەدبىرلەرنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ھالدا ئىلگىرى سۈردى. ئۆتكەن يىلى نۇرغۇن جايلار ئېغىر تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئاشلىقتا يەنىلا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق بىر يىل بولدى، پاختا مەھسۇلاتىدا ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرلىك ئۆسۈش بولدى، مايلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتىدا تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. گۆش، كۆكتات، مېۋە-چېۋە، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىر قەدەر زور ئېشىش بولدى. يېزا-بازار كارخانىلىرى تېز راۋاجلىنىپ، سېتىشتىن بولغان كىرىم ۋە يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج سوممىسىمۇ زور ھەجىمدە ئاشتى. دېھقانلارنىڭ كىرىمى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىر قەدەر كۆپ ئاشقان بىر يىل بولدى. يېزىلاردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرۇلۇشىدىمۇ يېڭى تەرەققىياتلار بولدى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ۋەزىيىتى ياخشى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىي ۋەزىيىتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. ئەمما، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان پەرق يەنىلا ئىنتايىن چوڭ، سىياسەت-تەدبىرلەرنىڭ بەزىلىرى تېخى ئەمەلىيلەشمىگەن ياكى تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەن، بەزىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى داۋامىدا يا ئۇنداق، يا مۇنداق مەسىلىلەر كۆرۈلگەن. بەزى جايلار يېزا ئىگىلىكىنى تېخى ھەقىقىي تۈردە ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ بىرىنچى ئورنىغا قويمىغان، يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ سالمىقى داۋاملىق تۆۋەنلەپ كەتكەن، ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ ناھىيىلەرگە ۋە ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردىكى يېزا-بازار كارخانىلىرىغا يار-يۆلەك قىلىپ بېرىلگەن قەرز پۇل تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت گەۋدىلىك بولۇپ، باھاسى زور ھەجىمدە ئۆرلەپ

www.uyghurkitap.com

ئاساسىي قائىدىلىرى بىلەن زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ بايرىقى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ كۈچلۈك مەنىۋى تۈۋرۈكى. ھازىرقى جۇڭگودا، بۇ نەزەرىيىدە چىڭ تۇرۇش ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق ۋە ئۇنى ھەقىقىي راۋاجلاندۇرغانلىقتۇر. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى بۇ نەزەرىيىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچى ئورنىنى تىكلەپ، بۇ نەزەرىيە بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش توغرىسىدا ئېنىق تەلەپ قويدى، بۇ ئۇلۇغ ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبىسىنى ئەڭ ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلدۇ، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىگىمۇ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىنى يۈكلىدى.

پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، تەشۋىقات-ئىدىيە سېپى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تۈپ قىبلىنامە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بۇ نەزەرىيە بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇ نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى پۈختا قەدەم بىلەن ئالغا سۈردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن بارغانسېرى چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا غايەت زور يېتەكچىلىك رول ئوينىدى. تەشۋىقات-ئىدىيە سېپى بۇ نەزەرىيە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىپ، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەندە، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى جانلىق، توغرا نىشانغا ئىگە بولغان بولىدۇ، ھازىرقى باسقۇچتىكى تەشۋىقات، ئىدىيە، مەدەنىيەت ساھەلىرىدىكى مەسىلىلەرنى توغرا تونۇپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي خىزمەتتىكى مۇھىم رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىدىكى يولداشلار مۇشۇ ئاساسىي تونۇشنى چىڭىتىشى، پۈتكۈل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا، باشتىن-ئاخىر بۇ نەزەرىيە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشى، باشتىن-ئاخىر بۇ نەزەرىيە بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش، كادىرلارنى ۋە ئاممىنى تەربىيىلەشنى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە قىلىشى، باشتىن-ئاخىر بۇ نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇشى، ئۇلارنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتلەردە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىرىشىپ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدىكى يېڭى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە يېتەكلەپ، بۇ نەزەرىيىنى ھەقىقىي تۈردە غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزدىكى ئىلمىي قىبلىنامىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

## 2. ئومۇملۇق كۆزقارىشىنى كۈچەيتىپ، ئاڭلىق ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇش لازىم

"يۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش" — پارتىيىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى، ئۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، نۆۋەتتىلا ئەمەس، بەلكى بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىمۇ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇملۇقى ۋە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك يېتەكچى فاڭجېندۇر. ئومۇملۇق كۆزقارىشى تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇملۇقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئومۇملۇق دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلغان، ئومۇملۇققا خىزمەت قىلغاندىلا، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى ئاندىن ئۆز ئورنىنى تېپىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بىلىپ، ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ساغلام راۋاجلىنالايدۇ.

ئومۇملۇق كۆزقارىشىنى كۈچەيتىشتە، ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە ۋە ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇپ، مەركەزنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە تەشۋىق قىلىش، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداش، مەركەزنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ توسالغۇسىز يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇ — تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ تۈپ مەسئۇلىيىتى ۋە چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك سىياسىي ئىنتىزامى.

ئومۇملۇق كۆزقارىشىنى كۈچەيتىشتە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش لازىم. تەشۋىقات-ئىدىيە سېپى پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنى تەشۋىق قىلىشنى پۈتۈن خىزمەتنىڭ يېتەكچىسى قىلىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى "بىر مەركەز" دەپ بەلگىلەنگەنىكەن، ئۇنى "ئىككى مەركەز" قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ؛ "ئىككى ئاساسىي نۇقتا" دەپ بەلگىلەنگەنىكەن، "بىر ئاساسىي نۇقتا" قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزاق جەريانىدا، تۈرلۈك مۇرەككەپ ئەھۋاللارغا دۈچ كېلىشىمىز مۇمكىن، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، قانداق مەسىلە بولسا شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك. مەيلى قانداق مەسىلىنى ھەل قىلايلى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك كېرەك، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

جامائەتچىلىكنى توغرا تەرەپكە يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇش — تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇملۇقىغا خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ بىر ئاساسىي تەلىپىدۇر. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى ئىقتىسادىي خىزمەتتىكى مۇھىم تەدبىرلەرنى يېقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كادىرلارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىسىنى مەركەزنىڭ روھى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم. ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، بايرىقى رۇشەن بولغان ھالدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى قوللاش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا باشتىن-ئاخىر ئەھمىيەت بېرىش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

## 3. ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەرنى تىكلەپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك

ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەر — پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش— پارتىيىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى. تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىدە باشتىن-ئاخىر بۇ نۇقتىئىنەزەر ۋە مەقسەتتە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ئاڭلىق ھالدا ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش لازىم. خەلق ئاممىسى تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىگە موھتاج، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ موھتاق. نەزەرىيە، ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى خەلق ئاممىسى ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن خەلقنى ئىپادىلىگەن، خەلقنى ئەكس ئەتتۈرگەن، خەلقنى ئىلھاملاندۇرغاندىلا، ئاندىن خىزمەتلىرىمىز ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتالايدۇ.

ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇشتا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، خەلقنىڭ ھىمايە قىلغان-قىلمىغانلىقىنى، ياقتۇرغان-ياقتۇرمىغانلىقىنى، خۇشال بولغان-بولمىغانلىقىنى، ماقۇل بولغان-بولمىغانلىقىنى سىياسەت بەلگىلەشنىڭ ئاساسى، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆلچەشنىڭ ئۆلچىمى قىلىش كېرەك. مۇشۇ تەلەپنى تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈش كېرەك.

جۇش ئۇرۇپ تۇرغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرى پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى يۈز مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشى. تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىدە پارتىيە ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىر تەرەپتىن مەركەزنىڭ روھىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە تەشۋىقات-تەربىيە ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، كەمتەرلىك بىلەن ئاممىدىن ئۆگىنىپ، ھەر ۋاقىت ئاما بىلەن قەلبداش، ھەمنەپەس بولۇپ، ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئىتى ۋە ئىدىيىۋى تومۇرىنى چىڭ ئىگىلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ-تىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، خەلق ئاممىسى ياراتقان تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ئومۇملاشتۇرۇش، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش كېرەك.

## 4. مۇھىم نۇقتىنى قۇرۇلۇشقا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش دېگەن تەلەپنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم

مەنىۋى مەدەنىيەتنى تۇتۇشتا مۇھىم نۇقتىنى قۇرۇلۇشقا قويۇش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى نامايان قىلىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەتنى تۇتۇشتا مۇھىم نۇقتىنى قۇرۇلۇشقا قويۇش دېگەنلىك قۇرۇلۇشنى خىزمەتنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نىشانى قىلىش، يەنى تىكلەشنى ئاساس قىلىش، داۋاملىق تۇتۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەش پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت تەلەپلىرىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي ساپاسى ۋە پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولغان سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك دېگەنلىكتۇر.

مۇھىم نۇقتىنى قۇرۇلۇشقا قويۇش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، كۈچ سەرپ قىلىپ مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى ۋە ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى قۇرۇلۇش پائالىيىتىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا، ماددىي تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان تەلەپلىرىنىڭ دائىرىسى كېڭەيمەكتە، قاتلىمى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە، بۇ هال مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى شۇنىڭغا مۇناسىپ كۆلەمگە ۋە سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى، تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلماقتا. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ”مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، پارتىيە ئىستىلىنىڭ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ياخشىلىنىشىنى قاتتىق تۇتۇش، بىر كۈنمۇ بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتۇش، كونكرېت ئىشلاردىن باشلاپ تۇتۇش لازىم.“ بىز بوشاشماي تىرىشىپ، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، كۆپرەك نادىر ئەسەرلەرنى چىقىرىشقا، كۆپرەك ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا تىرىشىشىمىز، چىداملىق بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشىمىز لازىم. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى تۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش خىزمىتىنى مەۋھۇم ئىشتىن ئەمەلىي ئىشقا ئايلاندۇرۇپ، ھەر يىلى ئاما قارشى ئالىدىغان، تازا ئۈنۈملۈك ئىشلاردىن بىرنەچچىسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش كېرەك.

ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، مۇقىملىقنى ساقلاش، غەيرەتكە كەلتۈرۈش، ئىجابىي جەھەتتىن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنى ئاساس قىلىش مەنىۋى مەدەنىيەتنى تۇتۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى قۇرۇلۇشقا قويۇش فاڭجېنىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئۇنى خىزمەتتە ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە نەزەرىيە خىزمىتىدە ئورۇنسىز تالاش-تارتىش قىلىشقا بېرىلمەي، كۈچنى كۆپرەك ئىجابىي جەھەتتىن يېتەكلەشكە، دېموكراتىك ئاساستا توغرا يولغا باشلاشقا قويۇش كېرەك. ”تالاش-تارتىش قىلماسلىق“تىن مەقسەت، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى ھەقىقىي تۈردە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، ئورۇنسىز تالاش-تارتىش سەۋەبى بىلەن قىممەتلىك ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشتىن ساقلىنىش. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنداق قىلىش ئىدىيىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈ-رۈشكە، ئىسلاھات، تەرەققىيات، ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىققا پايدىلىق. تالاش-تارتىش قىلماسلىق كېرەك دېگەنلىك ھەق-ناھەقنى ئايرىماسلىق كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىگە، ئاساسىي لۇشيەنىگە، ئاساسىي فاڭجېنىغا، جۇملىدىن مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، تاشقى سىياسەتكە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا چېتىلىدىغان چوڭ-چوڭ ۋە پرىنسىپال مەسىلىلەردە، بايرىقىمىز روشەن بولۇشى لازىم. چىرىك ئىدىيە، چۈشكۈن كەيپىياتلارنى تارقىتىدىغان شۇنىڭدەك فېئودال-لىق خۇراپاتلىقنى تارقىتىدىغان، شەھۋانىيلىقنى، زوراۋانلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان نەرسىلەر ئىشلىرىمىزغا خەۋپ كەلتۈرىدۇ، كىشىلەرنىڭ بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، ئۇنىڭغا ئاما بەك نارازى، ئۇنىڭ بولۇشىچە يامراپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويۇشقا بولمايدۇ.

ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي سىياستى، ئۇ ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغىمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەتنى تۇتۇشتا مۇھىم نۇقتىنى قۇرۇلۇشقا قويۇشتا چىڭ تۇرىمىز دېسەك، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈشە-مىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ بارلىق ئىلغار مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز ۋە ئەينەك قىلىشىمىز، چەت ئەللەرنىڭ پايدىلىق مەدەنىيىتى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشىمىز، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، بۇ نەرسىلەرنى ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

## 5. دەۋر روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە ئاسا-سىي مېلودىيىنى جاراڭلىتىش لازىم

ئاساسىي مېلودىيىنى تازا جاراڭلىتىش يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى-نىڭ تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىگە قويغان مۇھىم تەلىپىدۇر. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتىكى، ئاساسىي مېلودىيىنى جاراڭلىتىش كېرەك دېگەنلىك، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق ۋە سوتسىيالىزمنى نۇرلان-دۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشقا ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-شىغا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ۋە خەلقنىڭ بەخت-سائادىتىگە پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى، سەمىمىي ئەمگەك ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇشنى قولغا كەلتۈرىدىغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش لازىم، دېگەنلىكتۇر.

پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىز ھەيۋەتلىك ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە،

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىز جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا، ھەر مىللەت خەلقلىرىمىز ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىنتىلمەكتە، ئىلغار شەخسلەر كەينى-كەينىدىن مەيدانغا چىقماقتا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشى تولۇپ تاشقان جۇشقۇنلۇققا ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولماقتا. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بۇ ئاساسىي ئېقىمى، رېئال تۇرمۇشتىكى بۇ نۇرلۇق، ئىجابىي، ساغلام مەزمۇنلار خەۋەرلىرىمىزدە، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىمىزدە ۋە مەتبۇئاتلىرىمىزدا ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى ۋە تولۇق ئىپادىلىنىشى، يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇشى لازىم. دۆلىتىمىز 1 مىليارد 200 مىليون ئاھالىگە ئىگە چوڭ دۆلەت، يەنە كېلىپ ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ۋە كەڭ ھەم چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان مەزگىلدە تۇرماقتا. شۇڭا جەمئىيەتتە بىر ئازمۇ ”شاۋقۇن“نىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا دەۋر روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيىنى جاراڭلىتىپ، ئىجابىي تەرەپلەرنى كېڭەيتىش، سەلبىي تەرەپلەرنى يوقىتىش تېخىمۇ زۆرۈر. ئاساسىي مېلودىيە روشەن، كۈچلۈك بولسا، ئومۇمىي مۇھىت ساغلام، ئالغا ئىنتىلىشچان بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ روھىنى جانلاندۇرۇپ، ئاممىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى ئاشۇرۇپ، مىللەتنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىيالايدىغان بولىدۇ.

ئاساسىي مېلودىيىنى جاراڭلىتىش، خىلمۇخىللىقنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئىككىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە ۋە ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، بارچە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر. ئومۇمەن خەلققە تەربىيە ۋە ئىلھام بېرەلەيدىغان، خەلقنى كۆڭۈل خۇشلۇقى ۋە ئېستېتىك راھەتكە ئىگە قىلالايدىغانلىكى مەنىۋى ئەسەرلەر ئالقىشقا ئېرىشىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈلۈشى لازىم. ئاساسىي مېلودىيىنى ئىپادىلەيدىغان مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام، كىشىنى ئالغا ئىنتىلدۈرىدىغان بولۇپلا قالماستىن، ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ خىلمۇخىل، جانلىق، مۇكەممەل بولۇشى، كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولۇشى لازىم. ئاساسىي مېلودىيە تەكىتلەنگەنلىكى ئۈچۈن خىلمۇخىللىققا سەل قاراشقا بولمايدۇ، خىلمۇخىللىق تەكىتلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئاساسىي مېلودىيىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ”خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى باشتىن ئاخىر بوشاشماي كەڭ ئاممىغا يۈزلىنىشى، بەدىئىي جەھەتتە ئۆز ماھارىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، قولىنىڭ ئۇچىدا كەلسە-كەلمەس ئىشلەپ قويۇشتىن ساقلىنىشى، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئۈستىدە ئەستايىدىللىق ۋە تەلەپچانلىق بىلەن ئويلىنىشى، خەلققە ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقلارنى تەقدىم قىلىشقا تىرىشىشى لازىم.“ ئاساسىي مېلودىيىنى جاراڭلىتىپ، مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىمىزنى خەلق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئاممىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالايدىغان، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرەلەيدىغان قىلىش — سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى ۋە مەنىۋى مەھسۇلات ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك ھەۋىسىنى ئۆستۈرۈش، كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، كىشىلەرنىڭ گۈزەل

روھىي دۇنياسىنى يارىتىش ئۈچۈن، ئاساسىي مېلودىيىنى جاراڭلىتىش جەھەتتە ئىجابىي رول ئويناپ، تۇرمۇشتىن كەلگەن، تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، خەلقنى ئىلھاملاندۇرىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئىجاد قىلىش مەسئۇلىيىتى بار.

## 6. تەرەققىيات تەلپىگە ماسلىشىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىدا مېڭىش لازىم

تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش — يېڭى ۋەزىيەتتە تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم يولى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىدا تەۋرەنمەي قەتئىي ماڭغاندا، تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش، ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلقنى رىغبەتلەندۈرۈش تەلپىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇندىيالايدۇ.

تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئىسلاھاتىغا قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ مۇنداق: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئىدىيىدە ئازاد بولۇشتا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ تەلپىگە ئويغۇن بولۇش، تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئويغۇن بولۇش. ئىسلاھات پارتىيىنىڭ تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادكارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا، تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشىغا، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى كېرەك.

تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئىسلاھاتى كۆپ تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ، جۈملىدىن مەزمۇن ۋە ئۇسۇل جەھەتتىكى ئىسلاھاتلارنى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، ھەرىكەت مېخانىزمى ۋە رەھبەرلىك شەكلى جەھەتتىكى ئىسلاھاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش كېرەك. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، پائال ئىزدىنىپ، تىرىشىپ ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. كۆزىمىز يەتكەن ئىشلارنى قەتئىي يولغا قويۇش كېرەك. ئەھۋالى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغانلىرىنى نۇقتىلارنى تاللاپ سىناق قىلىش كېرەك.

## 7. ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم

ھەرقانداق دۆلەتمۇ، ھەرقانداق كەسىپمۇ باشقۇرۇشتىن ئايرىلالمايدۇ. باشقۇرۇش بولمىسا، تەرتىپمۇ بولمايدۇ. باشقۇرۇشتىن ئۈنۈم ھاسىل بولىدۇ، باشقۇرۇشتىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ھاسىل بولىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىغا يېڭى ھاياتىي كۈچنى كىرگۈزۈش بىلەن بىللە، نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى، شۇڭا ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش جىددىي زۆرۈر بولۇپ تۇرماقتا. بۇ — تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سۈرۈشنىڭ كاپالىتىدۇر.

باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن مۇھىم نۇقتىنى قۇرۇلۇشقا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئوتتۇرىسىدا ئىچكى بىرلىك بولۇپ، ئۇلار بىر-بىرىگە ھەمدەمدە بولىدۇ. قۇرۇلۇش باشقۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، باشقۇرۇش قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىسلاھات يېڭى باشقۇرۇش تۈزۈلمىلىرىنى ئورنىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ياردىمى بولىدۇ. ماكرولۇق باشقۇرۇش سۇبيېكتىپ ئىرادە بويىچە ئىش كۆرۈش، خالىغانچە قىلىش بولماستىن، بەلكى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، ئىلمىي ئاساستا باشقۇرۇشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ ماكرولۇق باشقۇرۇشىمىز پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بويىچە، پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ، دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرىغا ئاساسلىنىپ ئېلىپ بېرىلىشى لازىم.

ماكرولۇق باشقۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى يۆنىلىشنى، ئومۇمىي مىقدارنى، قۇرۇلمىنى، ئۈنۈمنى تۇتۇشتىن ئىبارەت. بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى تۇتۇش، بىر قولدا باشقۇرۇشنى تۇتۇش، ھەم گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەم ساغلام راۋاجلاندۇرۇش، ھەم ئېھتىياجنى قاندۇرۇش، ھەم يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. نۆۋەتتىكى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قۇرۇلمىنى ياخشىلاش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە ئوبوروتى بىلەن بازار ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە بارغانسېرى زىچلىشىپ بارىدۇ. ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياردىمى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەنىۋى مەھسۇلات يەنە ماددىي مەھسۇلاتقا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش شەكلى ئىجتىمائىي ئۈنۈمدە تېخىمۇ كۆپرەك ئىپادىلىنىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ”ئىدىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە تارماقلىرىنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بارلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بىردىنبىر مىزانى قىلىشى كېرەك، ئۇلارغا قاراشلىق كارخانىلارمۇ ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالىي مىزان قىلىشى

كېتكەن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروت ساھەسىدىمۇ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە مەسىلىلەر مەۋجۇت، بۇنىڭغا دېھقانلار بەك نارازى.

مەركەزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بەزى تەدبىرلىرىنىڭ تازا ياخشى ئەمەلىيلەشمەسلىكى كۆپ تەرەپتىكى سەۋەبلەردىن بولغان. ئەمما تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا يەنىلا ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسى سەۋەبچى بولغان. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە بۇرۇلۇۋاتقان جەرياندا يېزا ئىگىلىك مەسىلىسى، يېزا مەسىلىسى ۋە دېھقانلار مەسىلىسىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئالاھىدە مۇھىملىقىغا نىسبەتەن، نۇرغۇن يولداشلاردا تېخى چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل بولمىغان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بەردى، لېكىن ئاز بولمىغان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى. يېزا ئىگىلىكى — ئىجتىمائىي ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمما ئۆزىنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن ئاساسىي كەسىپ، شۇنداقلا بازار خەۋپ-خەتىرى چوڭ ۋە تەبىئەت خەۋپ-خەتىرى كۆپ بولىدىغان ئاجىز كەسىپتۇر. سېلىشتۇرما مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى ھەمىشە يېزا ئىگىلىكىدىن ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپلەرگە يۆتكىلىدۇ. خۇددى بەزى يولداشلار ئىنكاس قىلغاندەك، مەبلەغ، يەر، ماددىي ئەشيا، تېخنىك خادىملار، يۇقىرى سۈپەتلىك ئەمگەك كۈچلىرى ۋە رەھبەرلىكنىڭ زېھنى-كۈچى يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا كەسىپلەرگە يۆتكىلىدىغان ئەھۋال پەيدا بولغان. ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپ، بولۇپمۇ سانائەتنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى زور مىقداردىكى بايلىقلارنى ئىگىلىۋېلىشقا سەۋەب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆرلىتىۋېتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنىڭ ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بازار ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ بىرسىمۇ يېزا ئىگىلىكىنى يۆلەش، قوغداش سىياسىتىنى يولغا قويۇشتىن مۇستەسنا بولغان ئەمەس. ھازىر، دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى تېخى راۋاجلانمىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ چەكلىمىسىگىلا ئەمەس، يەنە ئۆزىنىڭ تەرەققىيات كۆلىمى كىچىك، سەۋىيىسى تۆۋەن، ئۈنۈمى ناچار بولۇشتەك بىر قاتار مەسىلىلەرنىڭ قوچۇشىغىمۇ ئۇچرىماقتا، شۇڭا ئۇ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قوغدىشىغا تېخىمۇ موھتاج. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسى تازا ئوبدان ھەل قىلىنمىغاچقا، يېزا ئىگىلىكىنى قوغداش ۋە يۆلەش تازا يېتەرلىك بولمىغان، بەلگىلەنگەن سىياسەت-تەدبىرلەرمۇ تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەن، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئوتتۇرىسى-

دىكى پەرق كۈندىن-كۈنگە چوڭىيىپ كەتكەن. 1992-يىلدىن بۇيان، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ نىسبىتى ئۇدا ئۈچ يىل 5:1 دىن ئېشىپ كەتكەن، زور مىقداردىكى مەبلەغ يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا كەسىپلەرگە ئېقىپ كېتىپ، يېزا ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىدىكى ئەڭ ئاجىز ھالقىغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپلەرنىڭ ۋە ئىستېمال تەلىپىنىڭ تېز ئېشىشىنى تۇتۇپ تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان. بەزى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدا تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ گەۋدىلىك بولۇشى، باھاسىنىڭ زور ھەجىمدە ئۆرلەپ كېتىشى بۇنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەھەر بىلەن يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئاساسەن يېزا ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىشتىن بۇرۇنقى نىسبەتكە كېلىپ قالغان، شەرقىي رايون بىلەن غەربىي رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقىمۇ چوڭىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئىزچىل ئېشىشى كۈچلۈك تايانچىسىدىن ئايرىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى زىددىيەتلەرمۇ تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىغا قاتتىق تەسىر يېتىدۇ.

يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى ھەم ئاھالىنىڭ ئېشىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە سانائەتلىشىش تەرەققىياتىنىڭ تېزلىشىشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان تەلەپ ئېشىپ بېرىش بېسىمىغا دۇچ كېلىدۇ، ھەم تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىش، سۇ بايلىق مەنبەلىرى كەمچىل بولۇش ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر ئاجىز بولۇشتەك ئامىللارنىڭ ئېغىر چەكلىمىسىگە دۇچ كېلىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ ئېشىشى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېمەكلىكنىڭ سۈپىتىگە بولغان تەلەپ بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم، سۈت، كۆكتات، مېۋە-چېۋە ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرىغا بولغان تەلەپ بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەربىر كىشى ھەر بىر ئايدا بىر جىڭ چوشقا گۆشى، بىر جىڭ تۇخۇمنى ئارتۇق ئىستېمال قىلسا، بىر يىلدا 40 مىليارد كىلوگرامدىن كۆپرەك ئاشلىق ئارتۇق سەرپ قىلىنغان بولىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ سۇ، يەر بايلىقى قىس بولۇش جەھەتتىكى زىددىيىتىمۇ كۈندىن-كۈنگە گەۋدىلىنىپ چىقماقتا. سانائەتلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا كەسكىن تەدبىر قوللىنىلغان تەقدىردىمۇ، ئاھالىنىڭ كۆپىيىپ كېتىش، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىش، سۇ بايلىقىنىڭ قىس بولۇپ كېتىش يۈزلىنىشىنى نىسپىي ھالدا پەسەيتىشلا مۇمكىن، تامامەن ئۆزگەرتىش

www.uyghurkitap.com

مۇمكىن ئەمەس. بىز سەگەكلىك بىلەن شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئەگەر يېزا ئىگىلىك مەسىلىسى ئوبدان ھەل قىلىنمىسا، مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە قاتتىق تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەلكى يىراق كەلگۈسىدىن ئويلانغاندا، مىللىتىمىزنىڭ ھاياتىغىمۇ خەۋپ يەتكۈزىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ چىقىش يولى يوق، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. مەملىكەت بويىچە ھازىر بار تېرىلغۇ يەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئوتتۇرىھال ۋە تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزلار، دۆلەت پەن-تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ھازىرقى بار پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە باپ كېلىدىغان تېخنىكىلار كېڭەيتىلىپ ئومۇملاشتۇرۇلسا، مەھسۇلات مىقدارى 50 % ئەتراپىدا ئېشىشى مۇمكىن. ئەگەر مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈلسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىئولوگىيىلىك تېخنىكا جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىنسا، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتى تېخىمۇ زور ھەجىمدە ئاشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەملىكىتىمىزدە يەنە يىزا ئىگىلىكىگە باپ كېلىدىغان نۇرغۇن بوز يەرلەر، زور كۆلەمدىكى قاقاس تاغ-داۋان، ئوتلاق ۋە كەڭ دېڭىز رايونلىرى بار، ئۇنىۋېرسال ئېچىش ۋە تۈزەش ئارقىلىق، ئۇنىڭدىن غايەت زور مىقداردا يېزا ئىگىلىك-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇنداق دېيىش كېرەككى، مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ئىنتايىن زور، ئۇنىڭ تەرەققىياتىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرمۇ ئىنتايىن زور، ئۇ ئىنتايىن كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، بىز يېزا ئىگىلىكى مەسىلىسىگە، يېزا مەسىلىسىگە، دېھقانلار مەسىلىسىگە ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. بىز ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ ئومۇمىيلىقىدىن، سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش يۇكسەكلىكىدىن يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىنى، دېھقانلارنىڭ بېيىشىنى ۋە يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇشىمىز، ئىنتايىن زور ئىرادە، غەيرەت-شىجائەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بىلەن، مەركەزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇھىم تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، بىرنەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى يېڭى پەللىگە چىقىرىشىمىز لازىم.

# تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، يېزىلارنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

مەركەزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا، نۇرغۇن جايلار ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي ھالدا قانات يايدۇرۇپ، ئىزدىنىش ئاساسىدا بىرمۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىغان. جايلارنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى ئومۇملاشتۇرغاندا، مەركەزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېزىلارنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە مۇنداق بىرنەچچە نۇقتىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك:

**(1) خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ھەقىقىي تۈردە ئىقتىسادىي خىزمەتتە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك.** ماركس مۇنداق دېگەنىدى: يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىلىرىنىڭ شەخسىي ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەن يېزا ئىگىلىك ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى بارلىق جەمئىيەتنىڭ ئاساسى. بۇ ئېنىق ھەم چوڭقۇر ھەقىقەت. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىشى تېز بولغانلىكى ۋاقىتتا، پۈتكۈل ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئوڭۇشلۇق بولغان، يېزا ئىگىلىكىدىن مەسىلە كۆرۈلگەنلىكى ۋاقىتتا ئومۇمىي ۋەزىيەت پاسسىپلىق ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان. يېڭى تارىخىي دەۋردە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانچە تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپلەر قانچە تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، يېزا ئىگىلىكىگە شۇنچە ئەھمىيەت بېرىلىشى، يېزا ئىگىلىكى شۇنچە كۈچەيتىلىشى ۋە قوغدىلىشى لازىم. بۇ بىزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتتە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك يېتەكچى فاڭجېنىمىزدۇر. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، دېڭىز بويىدىكى بەزى تەرەققىي تاپقان ئۆلكىلەرنىڭ سانائەت تەرەققىياتى تېز بولسىمۇ، يېزا ئىگىلىكىنى بوشاشتۇرۇپ قويماستىن، بەلكى سانائەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر جەھەتتىن يېزا ئىگىلىككە يار-يۆلەك بولغان، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان. ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلاردىكى تەرەققىي قىلمىغان بەزى ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلار ئىشنى يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسنى كۈچەيتىشنى چىڭ تۇتۇشتىن باشلاپ، ئاممىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىپلا قالماي، بەلكى ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن شارائىت ياراتقان. بەزى يېزا ئىگىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلكىلىرى ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا ئىگىلىك جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ئاساسىنى چىڭىتىپ، ئاشلىق، پاختا قاتارلىق ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، دۆلەت ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان. بەزى سانائەت ئۆلكىلىرى ئىلگىرى ئاشلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى ئۇزاق ۋاقىتقىچە باشقا ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىشكە تايىناتتى، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى يېزا ئىگىلىك جەھەتتە قەد كۆتۈرۈش جېڭىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىپ، ئاشلىقتا ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قوشۇمچە يېمەكلىكلەر مىقدارىمۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئاشقان، بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئىقتىسادنىڭ تەكشى راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋە ھەرقانداق جايدا، يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىشتا باشتىن ئاخىر تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەككى، يېزا ئىگىلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ — ئىقتىسادىي خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىشتىكى ئاساسىي تەجرىبىمىزدۇر.

**(2) ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ئومۇمىي خىزمەتنى ئىگىلىشى، ئاساسلىق رەھبەرىي يولداشلار يېزا ئىگىلىكىنى ۋە يېزا خىزمىتىنى ئۆزى بىۋاسىتە تۇتۇشى كېرەك.** بۇ — يېزا ئىگىلىكىنى ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئورنىغا قويغانلىقنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بىرەر رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ۋە يېزا خىزمىتىنىڭ قانداق تۇتۇلغانلىقى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ بولۇپمۇ بىرىنچى قول باشلىقنىڭ بۇ خىزمەتنى قانداق ئورۇنغا قويغانلىقى، قانچىلىك زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلغانلىقى، قانچىلىك دەرىجىدە تۇتقانلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئومۇمەن يېزا ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىدا نەتىجىسى بىر قەدەر روشەن بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئەھمىيەت بەرگەن، بىرىنچى قول باشلىق بىۋاسىتە تۇتقان، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار زىچ ماسلىشىپ، زور بىرىكمە كۈچنى شەكىللەندۇرگەن. بەزى ئۆلكىلەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى يېزا ئىگىلىكىنى ۋە يېزا خىزمىتىنى ئۆزى ناھايىتى زور زېھنىي كۈچى بىلەن تۇتۇپلا قالماي، بەلكى ۋىلايەت، شەھەر ۋە ناھىيىلەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىرىنچى قول باشلىقلىرىنىڭ ئۆزى باشلامچى بولۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلغان. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى ناھىيىلەرگە قارىتا، شۇ ناھىيىلەرنىڭ ئۇستۇنلۇكى ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى، قىيىنچىلىقى ۋە مەسىلىلىرىنى بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلىپ، ھەل قىلىشنىڭ يولىنى ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلغان، ھەمدە تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن، بۇنىڭ ئارقىسىدا ئۆلكە، ۋىلايەت، شەھەر ۋە ناھىيىلەر دەرىجىمۇ دەرىجە تۇتىدىغان، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يېزا ئىگىلىكىنى ئورتاق تۇتىدىغان ياخشى ۋەزىيەت ھاسىل بولغان. بۇ تەجرىبىلەر شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول

باشلىقلىرىنىڭ بىۋاستە تۇتۇشى — مەركەزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى.

**(3) يېزىلاردىكى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش كېرەك.** جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، يېزىلاردىكى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى ۋە يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، سودا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇ مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ئاشلىق، پاختا ۋە ماي ئىشلەپچىقىرىشنى ئوبدان تۇتۇش ئاساسىدا، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە توشۇپ سېتىشنى بىرلەشتۈرۈش يولىدا مېڭىش كېرەك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مەيلى ئىچكى رايونلاردا ياكى دېڭىز بويى رايونلىرىدا بولسۇن، مەيلى تۈزلەڭ رايونلاردا ياكى تاغلىق رايونلاردا بولسۇن، ئومۇمەن شۇ يولنى تۇتقان رايونلاردا، يېزىلاردىكى بۇ بىرنەچچە ئاساسلىق كەسىپلەر بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەكشى راۋاجلانغان، يېزا ئىقتىسادى ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش ئىزىغا چۈشكەن. دېڭىز بويىدىكى بەزى ئۆلكىلەردە بىرنەچچە يىل بۇرۇن ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپلەر تېز تەرەققىي قىلىش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى تۆۋەنلەپ كېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىققاندى. ئۆتكەن يىلى بىر قاتار تەدبىر قوللىنىپ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئاشلىقنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، پۈتكۈل ئىقتىسادنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش ۋەزىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالغان. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان بەزى ئاساسلىق رايونلار ئاشلىق ۋە زىرائەت شاخ-پاخلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇشتەك ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، چوشقا بېقىش، كالا بېقىش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەم ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرگەن، ھەم دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرغان. بۇ پاكىتلار شۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئاشلىقنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، كۆپ خىل ئىگىلىكنى پائال راۋاجلاندۇرۇش — يېزىلاردىكى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىكى چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك فاڭجېندۇر. نۆۋەتتە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، قۇرۇلمىنى تەڭشەيمەن دەپ ئاشلىق ئېتىزلىرىنى ئىگىلىۋالىدىغان ئىشنى قىلماسلىق لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بازارنى تەھلىل قىلىش، ئالدىن مۆلچەرلەش ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەپ بېرىپ، دېھقانلارغا بازار ئۇچۇرلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، دېھقانلارنى بازار ئېھتىياجىغا قاراپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك، بىرەر ئىشقا ھە-ھۇ بىلەنلا كىرىشىپ كېتىدىغان ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ھەقىقىي ئېلىپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا زىيان سېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

**(4) يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سىرتقا ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش كېرەك.**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇۋاتقان شارائىتتا، قانداق قىلىپ دېھقانلارنى بازارغا يېتەكلەش،

www.uyghurkitap.com

يېزىلاردىكى تولۇق كەسىپلەرنىڭ كەسىپلىشىش، ئىجتىمائىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە، نۇرغۇن ئۆلكە، شەھەرلەر ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، بىرمۇنچە تەجرىبىلەرگە ئېرىشتى. ھازىر قارىغاندا، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى بويىچە كەسىپلەشكەن ئىگىلىكنى يولغا قويۇش مۇھىم بىر يولدۇر. كەسىپلەشكەن ئىگىلىكنى ئەمەلدە يۈرگۈزۈش دېگەنلىك، مەملىكەتنىڭ ئىچكى-تاشقى بازارلىرىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىپ، شۇ جاينىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە غول كەسىپلىرىگە نىسبەتەن، رايونلاشقان ئورۇنلاشتۇرۇش، كەسىپلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش، بىر گەۋدىلەشكەن تىجارەت، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت، كارخانىلاشقان باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىشنى، سودا، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنى، ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا، مائارىپنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يۈرۈشلەشكەن ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش دېگەنلىكتىن ئىبارەت. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يېزا ئىگىلىكىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش داۋامىدا دۇچ كېلىدىغان بىرنەچچە ئاساسىي زىددىيەتلەرنى، مەسىلەن، ئايرىم-ئايرىم ئائىلىلەرنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرغان بازار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن زامانىۋى پەن-تېخنىكىنى قوللىنىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ئائىلە بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن ئىگىلىك كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولۇشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت قاتارلىقلارنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق. بۇ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى روشەن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، دېڭىز بويى رايونلىرىدا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان، ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلاردىمۇ تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭدىن سىرت، ھەر يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ كۆپ خىل شەكىلدىكى ھەمسىدارلىق ئاساسىدىكى ھەمكارلىق تۈزۈمىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلاردا دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىغا ۋە شارائىتقا ئاساسەن، ئاشلىق ئېتىزلىرىنى مۇۋاپىق كۆلەمدە باشقۇرۇشنى پائال، پۇختا يولغا قويۇش، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەرتىپلىك يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىچىك شەھەر-بازار قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە، جايلار بەزى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇللارنى ياراتقان. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇرغۇن جايلار سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ، تېخنىكا، سورتلۇق ئۇرۇغ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ۋە ئىلغار ئۈسكۈنىلىرىنى پائال كىرگۈزۈپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق ئىشلىرىنى ئېچىشقا ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىپ، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى ۋە پىرىۋوتلۇق يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. ئەمەلىيەت

ئىسپاتلىدىكى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى قايسى يېزىدا ياخشى ئېلىپ بېرىلغان بولسا، شۇ يەردىكى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچى زور، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان.

**(5) يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىككە بۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك.** يولداش دېڭ شياۋپىڭ: ”پەن-تېخنىكا — بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى.“ ”يېزا ئىگىلىك مەسىلىسى ئاخىرقى ھېسابتا پەنگە تايىنىپ ھەل قىلىنىدۇ“ دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ ئىنتايىن مۇھىم ھۆكۈم. ھازىر، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىمىز زامانىۋى يېزا ئىگىلىككە قاراپ بۇرالماقتا. زامانىۋى يېزا ئىگىلىكنىڭ ئاساسلىق ئالامىتى شۇكى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدا پەن-تېخنىكا ئامىللىرىنىڭ سالمىقى يۇقىرى، يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكنىڭ يۈكسىلىشىدە تۆھپىسى زور. بۇ تۆھپە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە 60 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ 80 پىرسەنتتىن ئاشىدۇ، ئېلىمىزدە بولسا، ھازىر ئاران 35 — 40 پىرسەنت ئەتراپىدا. شۇڭا، زامانىۋى يېزا ئىگىلىككە بۇرۇلۇشنىڭ ئاچقۇچى—پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىدىن ئىبارەت. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەجرىبىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ تېز ياكى ئاستا بولۇشى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ ياكى ئاز ئېشىشى، سۈپىتىنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشىنى ئاساسەن پەن-تېخنىكا بەلگىلەيدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، دۆلىتىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان ئىقتىسادىي كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئاۋۋال كۈچلۈك يېزا ئىگىلىك دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك، ھالبۇكى، كۈچلۈك يېزا ئىگىلىك دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، چوقۇم يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسى بويىچە كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. زامانىۋى يېزا ئىگىلىكنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، قەتئىي تۈردە يېزا ئىگىلىكنى پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە دېھقانلارنىڭ پەن-تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈش يولى بىلەن يۈكسەلدۈرۈش ئىزىغا چۈشۈرۈش كېرەك. بىر قولدا پەن تەتقىقاتىدا قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشنى تۇتۇش، بىر قولدا پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىپ تەتبىقلاشنى تۇتۇش لازىم. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، نۇرغۇن جايلار يېڭى ئەلا سورتنى، پەرۋىش قىلىش، باقمىچىلىق، پىششىقلاپ ئىشلەش، ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى تېخنىكىلارنى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇپ تەتبىقلاپ، غايەت زور ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. بەزى جايلار ناھىيە، يېزا، كەنتتىن نەركىب تاپقان يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئىش راسخوتى جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى ئاۋۋال كاپالەتلەندۈرۈپ، تۇرمۇش جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى ئاۋۋال ھەل قىلىپ، ئاز پۇل بىلەن ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. بەزى جايلار كۆپ قاتلاملار بويىچە، كۆپ يوللار ئارقىلىق، كۆپ مەنبەلەردىن مەبلەغ توپلاپ، يېزا ئىگىلىك

www.uyghurkitap.com

پەن-تېخنىكىسىغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى ئاشۇرۇش، يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا ئورۇنلىرىنىڭ ھەقلىق مۇلازىمەت ئېلىپ بېرىشىغا مەدەت بېرىش، پەن-تېخنىكا ئەمەلىي گەۋدىلىرىنى قۇرۇش، خەلقنىڭ پەن-تېخنىكا گەۋدىلىرىنى قۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش، سىرتنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئىلگىرى سۈرگەن. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پەن-تېخنىكا سېلىنمىسى — ئەڭ تېز ئۈنۈم بېرىدىغان، ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدىغان سېلىنمىدۇر. ئازراق مەبلەغنى چىقىرىپ، پەن-تېخنىكا سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش ھەققەتەن قالتىس تەدبىردۇر.

**(6) يېزا ئىگىلىك ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى پائال ياخشىلاش كېرەك.** يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى — تەبىئەتنى بىلىش، تەبىئەتنى ئېچىش، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى كۈرەشتۇر. دۆلىتىمىز تەبىئىي ئاپەت كۆپ يۈز بېرىدىغان دۆلەت، ھەر يىلى ئاپەت تۈپەيلىدىن نەچچە ئون مىليارد جىڭ ئاشلىق، نەچچە مىليون دەن پاختا كەم ئېلىنىپ، يۈز مىليارد يۈەندىن ئارتۇق زىيان كۆرۈلىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، بولۇپمۇ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش — يېزا ئىگىلىكتە مۇقىم، يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. بۇنىڭغا قارىتا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋە كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ تونۇشى بارغانسېرى بىرلىككە كېلىۋاتىدۇ، ئاكتىپچانلىقى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. بولۇپمۇ تەبىئىي شارائىتى ناچار، سۇ ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى كۆپ بولىدىغان بىر قىسىم رايونلار ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى جەھەتتە زور كۈچ سەرپ قىلىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار دۆلەتنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئاممىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى. نۇرغۇن ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلەر ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى داۋامىدا، يېزا ئىگىلىك ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى ئورمان بىنا قىلىپ كۆكەرتىش بىلەن تەڭ قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش، تاغ، سۇ، ئېتىز، ئورمان ۋە يوللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەم روشەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە، ھەم يىراق كەلگۈسى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ۋە ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ھازىر ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى كەڭ ئېلىپ بېرىش، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش — ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى تۈپ تەدبىر، شۇنداقلا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ قاتتىق تۇتۇش قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشتۇر، بۇ

ئىشنى قايسى ئورۇن بالدۇر ئىرادىگە كېلىپ، ھەققىي كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۆزلۈكىدىن داۋاملاشتۇرۇپ، يىلمۇ يىل، نۆۋەتمۇ نۆۋەت ئېلىپ بارسا، شۇ ئورۇن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتەلەيدۇ.

**(7) كۆپ يوللار ئارقىلىق مەبلەغ توپلاپ، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى كۆپەيتىشكە كۆز قىيىش كېرەك.** يېزا ئىگىلىك ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشمۇ، يېزا ئىگىلىكنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېچىشمۇ مەبلەغ سېلىنمىنى كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەبلەغ قىس بولغان ئەھۋال ئاستىدا، چەكلىك مەبلەغنى نەگە سېلىش مەسىلىسىدە، ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇپ بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئەڭ ئېھتىياجلىق جايغا ئىشلىتىش كېرەك. نۇرغۇن جايلاردىكى رەھبىرىي يولداشلار دەل ئومۇمىيلىقتىن يېزا ئىگىلىككە قاراپ، مالىيە كۈچى قىس بولغان ئەھۋال ئاستىدا، مەبلەغ چىقىرىپ يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى ئاشۇرغان. بەزى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ھەتتا سانائەت ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى قىسقارتىپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ مەبلەغكە بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلغان، بۇ — تەشەببۇس قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. ئىجتىمائىي مالىيە كۈچلىرىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، مەبلەغ توپلاش يوللىرىنى كەڭ ئېچىشمۇ يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى مۇقىم ئاشۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسىدۇر. بەزى ئۆلكىلەر يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات فوندىنى، سانائەت كىرىمى ئارقىلىق يېزا ئىگىلىككە ياردەم قىلىش-سانائەت كىرىمى ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش فوندىنى بەرپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى مۇقىم مەنبەگە ئىگە قىلغان. دېھقانلارنىڭ ئەمگەك جۇغلانمىسىغا ئەھمىيەت بېرىش يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇشنىڭ يەنە بىر مۇھىم يولى. مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچى 400 مىليوندىن كۆپرەك بولۇپ، ھەر بىر كىشى دېھقانچىلىق ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يىلىغا 20 كۈن ئەمگەك قىلسا، ھەر بىر ئىش كۈنىگە بەش يۈەندىن سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، بىر يىلدا 40 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بىلەن تەڭ بولىدۇ. زۆرۈر بولغان مەبلەغ، ماددىي ئەشيالار قوشۇلسا، ئۇنىڭ بىلەن ئون مىڭلىغان يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى پۈتتۈرۈپ، خېلى كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

**(8) ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش كېرەك.** ئېلىمىز 1 مىليارد 200 مىليون ئاھالىگە ئىگە بولۇپ، 900 مىليونى يېزىدا. يېزىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت ئامانلىق ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە، ئېلىمىز يېزىلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا مۇقىم، لېكىن بەزى جايلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپى قالايمىقان، ئامىدا خەۋپسىزلىك تۇيغۇسى كەمچىل، بۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە دىققەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، زېھىن-كۈچىنى

مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. «ئىككى قولدا تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ياچېيكىسى يادرولۇقىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. تەكشۈرۈش داۋامىدا بىز شۇنى كۆردۇقكى، ئومۇمەن يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى ياخشى ئېلىپ بېرىلغانلىكى جايلاردا، پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرى ئوبدان ئەمەلىيلەشكەن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تېز بولۇپلا قالماي، ئىجتىمائىي تەرتىپى ۋە جەمئىيەت كەيپىياتىمۇ ياخشى بولغان، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا روشەن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. ئۆتكەن يىلى مەملىكەتلىك يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلات-لىرى قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلەر زور تۈركۈمدە كادىر ئاجرىتىپ يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ خىزمەتلەرگە ياردەم بېرىپ، ھەم يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، ھەم كادىرلارنى تەربىيىلەپ چېنىقتۇردى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش — يېزىلارنى ھاللىق نىشانغا يەتكۈزۈش يولىدىكى ئۇل قۇرۇلۇشتۇر. ھاللىق نىشانغا ھەقىقىي يېتىش ئۈچۈن، بۇ ئۇل قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي تۇتۇش كېرەك. بۇ يېقى دەۋردىكى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى كۈچەيتىشتىكى تۈپ تەجرىبىدۇر.

## تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بۇ يىل يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم

بۇ يىللىق يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسلىق ۋەزىپىسى: يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ، 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-، 4-ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ ۋە مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئاساسىي سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئۇنۇۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەر بىلەن يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا

ئىقتىسادنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشكە، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ يىل ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارىنى 455 مىليارد كىلوگرامغا يەتكۈزۈش، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى بىر قەدەر زور دەرىجىدە ئاشۇرۇش ، ھەمدە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش، كۆپ خىل ئىگىلىك ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزىلارنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاش ئىشىنى ياخشى ئىلىپ بېرىپ، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي قىياپىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش ياساش كېرەك.

بۇ يىللىق يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئالاھىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. سىياسىي جەھەتتىن قارىغاندا، يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىپ ئاشلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر تەمىناتىنى مول قىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەش مىقدارىنى ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن پۇل پاخاللىقىنىڭ بېسىمىنى پەسەيتكىلى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلىغىلى بولىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ يىل يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئالغاندىلا، ئاندىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپلەرنى بىر قەدەر تولۇق خام ئەشيالار بىلەن ۋە كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىپ بېرىۋاتقان بازارلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز ۋە ساغلام راۋاجلىنىشىغا مەدەت بەرگىلى بولىدۇ. ستراتېگىيە جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ يىل يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئالغاندىلا، ئاندىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە 500 مىليارد كىلوگرام ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياخشى ئاساس سالغىلى بولىدۇ. قىسقىسى، بۇ يىل يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىش ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك زور ئىشتۇر. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلىرىمىز ۋە ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلىرىمىز چوقۇم تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلاردا نورمال ئەھۋال ئاستىدا چوقۇم مول ھوسۇل ئالىمىز، زور تەبىئىي ئاپەت بولغان تەقدىردىمۇ، زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، تىرىشىپ ياخشى ھوسۇل ئالىمىز، دېگەن ئىرادىنى تىكلەش كېرەك.

بۇ يىل يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىش جەھەتتە ھەم ساقلانغان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنىمۇ كۆرۈش، ھەم ياخشى پۇرسەت ۋە پايدىلىق شارائىتلارنىمۇ كۆرۈش لازىم. ياخشى پۇرسەت دېگەنلىك، ئاساسەن پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان تەلپىنىڭ تېزدىن ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش

سەۋىيىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان تەلەپ تېزدىن كۆپەيمەكتە. يېزا ئىگىلىكى ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئۆزلۈكسىز كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەت تەلىپىنىڭ ئېشىشىغا يەنىلا يېتىشەلمەيۋاتىدۇ. يېزىلاردىكى كادىرلار ۋە ئامما، ھازىر يېزا ئىگىلىكىدە ئاساسەن ھەرقانداق نەرسە ئىشلەپچىقىرىلسا بازىرى بولىدىغانلىقىنى، قانچىلىك ئىشلەپچىقىرىلسا شۇنچىلىك ساتقىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇلىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئىنكاس قىلىشىدۇ، بۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان بولۇپ باقمىغان ئەھۋال، ئۇ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولغۇسى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى يېزا ئىگىلىكىگە بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ، پىكرى بارغانسېرى ئايدىڭلىشىۋاتىدۇ، تەجرىبىسى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاكتىپچانلىقىمۇ بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، كۈچنى ئاشۇرۇپ، ياخشى ۋەزىيەت ئاساسىدا ئالغا ئىلگىرىلەيدىغانلا بولساق، بۇ يىل يېزا ئىگىلىكىنى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى بىر قەدەر زور تەرەققىياتقا ئىگە قىلالىشىمىز تامامەن مۇمكىن.

بۇ يىل يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىشلىنىدىغان خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ، نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇش كېرەك.

**(1) رەھبەرلىكنىڭ زېھن-كۈچىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.** ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى زور زېھن-كۈچى بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى ۋە يېزا خىزمىتىنى تۇتۇشى، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەر ئاساسلىق زېھن-كۈچىنى تېخىمۇ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىگە قويۇشى لازىم. يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنىڭ قانداق تۇتۇلغانلىقىنى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلىش كېرەك. ئاشلىق تەمىناتىغا ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر تەمىناتىغا شەھەر باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم-ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىرىنچى قول باشلىقلىرى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە چېتىلىشلىق بولغان چوڭ-چوڭ مەسىلىلەردە، ئۆزى بىۋاستە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشى لازىم. ئۆلكىلىك، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك پارتكوملاردا بىردىن مۇئاۋىن شۇجى يېزا خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، مەيلى قايسى خىزمەتنى باشقۇرۇشقا تەقسىم قىلىنسۇن، ھەممىسى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇنى قوللىشى لازىم. پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، كۈچلۈك خىزمەت بەنزىسىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەيدەكچە-

لىك قىلىش، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، ماسلاشتۇرۇش ۋە يېتەكلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى لازىم.

**(2) مەبلەغ سېلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.** مەركەز قايتا-قايتا تەكىتلەپ ئوتتۇرىغا قويغان مىللىي دارامەت تەقسىمات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، مالىيە خام چوتى ئىچىدىكى مەبلەغنىڭ، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان مەبلىغىنىڭ، ئىناۋەتلىك قەرز مەبلىغىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان قىسمىنىڭ نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى تەلەپنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى قىسقارتىپ، بىر تۈركۈم تەكرار قۇرۇلۇش ۋە يۇقىرى ئىستېماللىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پۇلنى سىقىپ چىقىرىپ يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇشى كېرەك، بولۇپمۇ دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىدىغان مەبلەغنىڭ نىسبىتىنى تېخىمۇ چوڭايتىشى كېرەك. مالىيەدە بىرئاز قىيىنچىلىقى بار ناھىيەلەرمۇ بىرئاز پۇل چىقىرىپ يېزا ئىگىلىكىنى قوللىشى كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك پىلان، مالىيە، پۇل مۇئامىلە تارماقلىرى ئورۇنلاشتۇرغان يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەبلىغىنى ئىگىلىۋېلىشنى، باشقا ئىشقا ئىشلىتىشنى قەتئىي مەنئىي قىلىش كېرەك. قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىش ئورنىغا ئىش تېپىپ بېرىشنى داۋاملىق ياخشى يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەبلەغنى ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

**(3) يېزا ئىگىلىكىگە يار-يۆلەك بولۇش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.** ئاشلىق، پاختىنى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ناھىيەلەرگە ۋە يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرىغا يار-يۆلەك بولۇش ئۈچۈن بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى كۆلەم، مەبلەغ ۋە قوشۇمچە ئۆسۈم پىرسەنتى جەھەتتىن ئىمكانقەدەر تېزراق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئۆز ۋاقتىدا سېلىش كېرەك. ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنىڭ يېزا-بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يار-يۆلەك بولۇش ئۈچۈن بېرىلىدىغان قەرز پۇللارنى كۆلەم ۋە مەبلەغ جەھەتتىن تەڭلا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەشنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ يىل خىمىيىۋى ئوغۇت تەمىناتىدا يوچۇق بىر قەدەر چوڭ، بارلىق خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتلىرى تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، خىمىيىۋى ئوغۇتنى كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامباردا ساقلانغان خىمىيىۋى ئوغۇتنى كۆپرەك ئىشلىتىش، ئىمپورت قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، ۋاقتىدا بازارغا سېلىش كېرەك. باشقا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىپ، تەمىنلەشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئوبوروت تەرتىپىنى داۋاملىق تۈزەپ، باھا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئارىلىقتىكى ھالقىلارنى ئازايتىپ، ئوبوروت راسخوتىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك.

ئېلمىي ئوغۇتلاشنى، مەھەللىۋى ئوغۇت نوپلاشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپەيتىش كېرەك. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى داۋاملىق يەڭگىللىتىپ، ''ئەكسىگە يىنىش'' ھادىسىسىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ھەر خىل ناملار بىلەن دېھقانلارغا قالايمىقان سېلىق سالىدىغان، قالايمىقان ھەق ئالىدىغان، قالايمىقان مەبلەغ توپلايدىغان ئىشلارنى قەتئىي چەكلەش كېرەك.

**(4) ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىش-سېتىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.** دۆلەتنىڭ ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىش-سېتىش سىياسىتىنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالىدىغان ئاشلىقنى ئورۇنداشقا چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، لېكىن قاتلامىمۇ قاتلام كۆپەيتىشكە بولمايدۇ. ۋەزىپە سىرتىدىكى ئاشلىقنى بازار ئارقىلىق سېتىۋېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باھانى بازارغا قويۇپ بېرىش كېرەك. سودا بازارلىرىنى يىل بويى ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئورۇنداپ بولغان ۋەزىپە سىرتىدىكى ئاشلىقنى سودا بازارلىرىدا سېتىشىغا يول قويۇش لازىم. يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشلىقنى سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش ۋە ساقلاش ئىشلىرىنى ياخشى تۇتۇپ، شۇ جايدىكى ئاشلىق تەمىناتىنىڭ نورمال بولۇشىغا، باھانىڭ ئاساسەن مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. دۆلەتنىڭ پاختا سېتىۋېلىش-سېتىش سىياسىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېھقانلارنى كېپەزنى كۆپ تېرىشقا، ياخشى تېرىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈش كېرەك.

**(5) يېزا ئىگىلىك ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.** تارىخىي ۋە رېئال تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىش-ئالالماسلىق ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئاپەتتىن ساقلىنىش ۋە ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ئاشۇرۇلۇشىغا باغلىق. يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىش ئۇمىدىمىزنى ھەرگىز تەڭرىنىڭ ياردىمىگە قويماسلىقىمىز، بەلكى مەۋقەنى ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ مول ھوسۇل ئېلىشقا قويۇشىمىز كېرەك. چوڭ دەريا، چوڭ كۆل ۋە چوڭ سۇ ئامبارلىرىنى تۈزەشنى كۈچەيتىپ، ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش لازىم. ھەرقايسى جايلار ئەمگەك كۈچى بايلىقىنىڭ مول بولۇشىدەك ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئەمگەك جۇغلانمىسىنى ياخشى تەشكىللەپ، ئېتىز-ئېرىق سۇغىرىش-سۇ چىقىرىش ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۆپىرەك ئېلىپ بېرىش كېرەك. سۇنى تېجەپ سۇغىرىش ئىشلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇش لازىم. سۇ ۋە تۇپراقنى ساقلاش ئىشىنى داۋاملىق ياخشى يولغا قويۇش كېرەك. ئورمان بىنا قىلىش، كۆكەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئورماننىڭ ئېكولوگىيىلىك توسۇقلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىش ئىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئاشلىق، پاختا، مايلىق دان، شېكەر قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى ئاساسىي نىشان قىلىپ، ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ، يەرلەرنى تۇتاشتۇرۇپ ئېچىپ،

ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش كېرەك. نامرات رايونلاردا ئېگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولى بىلەن نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ يەتتە يىلدا 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇپ، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىلگەن مەبلەغ ۋە ماددىي ئەشيالارنىڭ ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئاساسىي ئېتىز-ئېرىقنى، ئاشلىق ئېتىزلىرىنى قوغداش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىن سىرت ئېتىز-ئېرىقلارنى ئىگىلىۋېلىشنى قاتتىق تىزگىنلەش كېرەك. يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، سۇ مەھسۇلاتلىرى كەسىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا "تۆت خىل بىكار يەر"گە يۈزلەندۈرۈش كېرەك، ئاشلىق ئېتىزلىرىنى يەنە ئىگىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.

**(6) يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.** بۇ يىل مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ مول ھوسۇل ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ناھايىتى زور دەرىجىدە يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ تەتبىقلاشقا تايىنىش كېرەك. يېزا ئىگىلىككە ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىش ئۈچۈن، پەن-تېخنىكىنى ھەقىقىي تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ ئومۇملاشتۇرۇشنى راسا چىڭ تۇتۇش كېرەك. دۆلەت پەن-تېخنىكا كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى بۇ يىل نۇقتىلىق كېڭەيتىلىدىغان يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى بەلگىلەپ چىقتى، ئۆلكە، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىن ئىبارەت ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز جايىنىڭ كېڭەيتىش تۈرلىرىنى بەلگىلەپ، بىر-بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. «يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تورلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش قوشۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كەڭ پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغاش لازىم. ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل يېزا ئىگىلىك مەكتەپلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پەن-تېخنىكا بويىچە ئاممىۋى خاراكتېردىكى تەربىيىلەشنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئەمەلىي تېخنىكىسىنى ئىگەللىشىگە ياردەم بېرىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىلىرى بويىچە قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە سىرتتىن تېخنىكىنى كىرگۈزۈش ئىشلىرىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى تۇتۇش كېرەك.

**(7) يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.** ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە ئېلىشنى ئاساسىي شەكىل قىلغان قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئائىلىلەر بويىچە ھۆددىگە ئېلىش—قوش

www.uyghurkitap.com

قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسى، مەركەزنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، يەرنى ھۆددىگە بېرىش مۇددىتىنى ئۇزارتىپ، ھۆددىگەرلىك توختىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ ئېقىپ تۇرۇش تۈزۈمىنى تەدرىجىي ئورنىتىش كېرەك. كوللېكتىپنىڭ بىر تۇتاش ئىگىلىك باشقۇرۇشى قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە كەم بولسا بولمايدىغان قاتلام. كوللېكتىپ كارخانىلىرىنى ئېچىش، ئېچىش خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ كۈچىنى پەيدىنپەي زورايتىپ، دېھقانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. يېزىلاردىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى ۋە كەسپىي ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش، پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردە باشلامچى كارخانىلارنى پائال يېتىلدۈرۈپ، باشلامچىلار ئارقىلىق بازىلارنى يېتەكلەش، بازارلار ئارقىلىق دېھقان ئائىلىلىرىنى يېتەكلەشنى يولغا قويۇپ، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش بىرلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىك باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپلەر بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان، كۆپ قىسىم ئەمگەك كۈچلىرى يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا كەسىپلەرگە يۆتكەلگەن جايلاردا، دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن، يەرنى مۇۋاپىق كۆلەمدە باشقۇرۇشنى پەيدىنپەي يولغا قويۇش كېرەك. كۆپ خىل شەكىلدىكى ھەسسىدارلىق تۈزۈمى ۋە ھەسسىدارلىق ئاساسىدىكى ھەمكارلىق تۈزۈمىنى سىناق قىلىشنى يولغا قويۇشتا، كوللېكتىپ مۈلكىنى باھالاش، قىممىتىنى ساقلاش، قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئېقىپ كېتىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. ھەرقايسى جايلار تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پائال يېتەكلەپ، قېلىپقا چۈشۈرۈپ، ئۇنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. يېزا تەمىنات-سودا كوپېراتىپلىرى ئىسلاھاتىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە يېزىلاردىكى ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى قىلىپ چىقىش كېرەك. يېزا ئامانەت-قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېزا ھەمكارلىق بانكىلىرىنى قۇرۇش ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلىش كېرەك.

**(8) ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.** مەملىكەتلىك يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىغا قويغان تەلىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. پارتىيە ياچېيكىسى يادرو قىلىنغان كەنت دەرىجىلىك تەشكىلات قۇرۇلۇشىنى، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى قۇرۇلۇشىنى، دېموكراتىك باشقۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان خىزمەت تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئوبدان تۇتۇش، بولۇپمۇ

ئارقىدا قالغان ياچېيكىلارنى تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇش كېرەك. يېزىلاردىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە پارتىيە نىزامنامىسى ھەققىدىكى تەربىيىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. كەڭ يېزا-كەنت كادىرلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قوللاپ، ئۇلارنىڭ دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. ناھىيە، يېزىلاردىكى رەھبىرىي خادىملار ئارقىدا قالغان كەنتلەردىن بىر-ئىككىسىنى ئۆزى بىۋاستە تۇتۇشى، ئىشنى ئاما ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن باشلاپ، خىزمەتلەرنى پۇختا، ئۈنۈملۈك ئىشلەش ئارقىلىق، بۇ كەنتلەرنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىش لازىم.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان شارائىت ئاستىدا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش — بىر تۈرلۈك ئىجادىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ ئىشتۇر، ئالدىمىزدا ئىنتايىن مۇشكۈل ۋەزىپىلەر تۇرۇپتۇ، نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ۋە ئۇنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن ئىچكى قانۇنىيەتلەرنى بىز تېخى كۆپ بىلىپ كېتەلمىدۇق، بىلىدىغانلىرىمىزمۇ تېخى چوڭقۇر ئەمەس. بۇ ھال بارلىق يېزا خىزمىتى كادىرلىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت جىددىي ۋەزىپىنى قويىدى. بىز چوقۇم مەركەزنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشىمىز كېرەك. يېزا خىزمىتىنىڭ دائىرىسى كەڭ، زىددىيەتلەر كۆپ، ئەھۋاللار كۆپ پەرقلىنىدۇ. خىزمەت داۋامىدا چوقۇم ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، چوقۇم ئەمەلىيەتچىل بولۇشىمىز كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، كادىرلار تۆۋەنگە چۈشۈشى كېرەك. بولۇپمۇ ئارقىدا قالغان كەنت ۋە نامرات كەنتلەرگە بېرىپ، كەنتلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى ياخشى قۇرۇپ چىقىپ، بېيىشنىڭ يوللىرىنى ياخشى تاللاپ، ئاما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك يېزا كادىرلىرىغا پارتىيىنىڭ ئېسىل ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداش، ئاددىي-ساددا بولۇش، پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، ئاما ئالدىرىغانغا ئالدىراش، ئاما ئۈچۈن ئىشلەش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا**
**تەلئەت ئىبراھىم**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

# يېڭى كىتابلارنى ئوقۇڭ

نەشرىياتىمىز نەشر قىلغان «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دېگەن نېمە؟»، «ھوقۇق-پۇل سودىسى»، «ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر»، مەملىكەتلىك 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3-ئومۇمىي يىغىنىدا لى پېڭ زۇڭلى بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» قاتارلىق كىتابلار يېقىندا نەشردىن چىقتى.

جياڭ زېمىن مەخسۇس كىرىش سۆز يېزىپ بەرگەن «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دېگەن نېمە؟» ناملىق كىتابتا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ھەققىدىكى ئاساسىي ئۇقۇملار ۋە نەزەرىيىۋى بىلىملەر تونۇشتۇرۇلغان. بۇ كىتاب سىزنى نۆۋەتتىكى ئىسلاھاتنى چۈشىنىشتە چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بىلىملەرگە ئىگە قىلىدۇ.

«ھوقۇق-پۇل سودىسى» دېگەن كىتابتا بىر قىسىم چىرىك ئۇنسۇرلارنىڭ رەزىللىكلىرى پاش قىلىنغان بولۇپ، كەڭ ئامما ۋە كادىرلار بۇ ئۇنسۇرلارنىڭ قىلمىشلىرىغا لەنەت ئوقۇش بىلەن بىللە، بۇ سەلبىي دەرسلىكتىن مەلۇم تەربىيىگە ئىگە بولىدۇ.

«ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر»دە ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت بىلىملەر قىسقا ۋە ئاممىباب تونۇشتۇرۇلغان.

«ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»تا 1994-يىللىق مۇۋەپپەقىيەتلەر يەكۈنلەنگەن، 1995-يىللىق ۋەزىپىلەر، بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشنىڭ يوللىرى، ئەھمىيىتى قاتارلىقلار تەپسىلىي سۆزلەنگەن.

كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق شىنخۇا كىتابخانىلىرىدىن سېتىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئادرېسىمىز: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 5-قورو، پوچتا نومۇرى:
100013

مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ISSN 1006-5857

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5—V 刊号：ISSN1006—5857 / CN11—2498/D

邮发代号：2—373　定价：1.50 元　邮政编码 100013

9 771006 585006 06